# ئەدەبىيات لۇغىتى

## 1. نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى

**نەسىردىن ئەپەندى** — تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا نەسىردىن ئەپەندى تارىختا ياشاپ ئۆتكەن رېئال شەخس بولۇپ مىلادىيە 1208 ـ يىلى تۈركىيىنىڭ ئاقشەھىرگە قاراشلىق قۇرتۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. كىچىك ۋاقتىدا دادىسى ئابدۇللادىن تەلىم ئالغان. كېيىن ئۆز ۋاقتىدىكى داڭلىق مەدەنىيەت ئۇچاقلىرىدىن بىرى بولغان كونىياغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى مەدرىستە بىلىم ئالغان. 1237 ـ يىلى ئاقشەھىر جامەسىنىڭ مۇدەررىسى بولغان. ئۇ مىلادىيە 1284 ـ يىلى ئاقشەھىر ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىرمۇ شۇ جايدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. نەسىردىن ئەپەندى نامىدىكى لەتىپىلەر يالغۇز ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى تۈركىيە، ئەرەب دۆلەتلىرى، ئىران، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقى ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردە ئىنتايىن كەڭ تارقالغان.

**خەلق ئەدەبىياتى** — ئەمگەكچى خەلق بىۋاستە ئىجاد قىلغان، ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئەدەبىيات. ئۇ ئەپسانىلەر، رىۋايەتلەر، خەلق چۆچەكلىرى، خەلق دىراممىلىرى، ئەلنەغمىلەر، قوشاقلار ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**بېشارەت** — ① ئالدىن بېرىلگەن خەۋەر، ئۇچۇر، بەلگە. ② ئىپادە، ئىنكاس، ئىشارەت.

**ئۆرنەك** — ① باشقىلارنىڭ تەقلىد قىلىپ ياسىشىغا، ئىشلىتىشىگە ئەرزىيدىغان نەرسىلەرنىڭ ئۆلگىسى ۋە شۇنداق ئۆلگە بولىدىغان نەرسە. ② باشقىلار ئەگەشسە، ئۆگەنسە ئەرزىيدىغان ئىش ياكى ئىلغارلىق نەمۇنىسى.

**تەپەككۇر** — ① ئادەم مېڭىسىنىڭ رېئاللىقنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىنكاس قىلىشى، ئوبيېكتىپ ۋەقەلىك ھەققىدىكى چۈشەنچە، تەسەۋۋۇر. ② پىكىر يۈرگۈزۈش، ئويلاش، خىيال.

**تەكەببۇر** — ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان كىبىرلىك.

www.kitaphumar.com

**كايىش** ــ ① خاپا بولۇش، ئاچچىقلىنىش؛ ② ئاۋارە بولماق، مۇشاققەت تارتماق.

**ۋىجدان** ــ كىشىنىڭ ئۆز ھەرىكىتى، قىلمىشى، يۈرۈش - تۇرۇشى ھەققىدە جەمئىيەت ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە ئىنساب، دىيانەت.

**ساختىپەز** ــ يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق بىلەن ئىش كۆرىدىغان، باشقىلارنى ساختا قىلىدىغان كىشى.

**تارازا** ــ ئېغىرلىق ئۆلچەش ئەسۋابىنىڭ بىر تۈرى.

**ئىشتىياق** ــ بىرەر ئىش ياكى بىرەر نەرسە، ئىشقا بولغان قىززىقىش، زوق، ھەۋەس.

## 2. مەسەللەر

**مالچى** ــ قوي، ئۆچكە قاتارلىق چارۋىلارنى يايلاقتا يايلىتىپ باققۇچى؛ پادىچى.

**خىرىس قىلىش** ــ بىراۋغا قەستەن ياكى ئۆچلۈك بىلەن قىلىنغان ھەيۋە، چېقىلىش.

**پەخەس بولۇش** ــ ھۇشيار بولۇش، دىققەت قىلىش، ئاگاھ بولۇش.

**قاپسىلىش** ــ قورشاۋدا قېلىش، مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىش، بىر يەرگە قىسىلىپ قېلىش.

**ئالاقزادە بولۇش** ــ نېمە قىلىشىنى ئېنىق بىلمەي، تىنەپ - تەمتىرەپ، ئالاق - جالاق ھالەتتە، قورۇققان ھالدا.

**خۇن** ــ ① قان؛ ② جان؛ ③ نۇر؛ ④ قان - قەرز.

**شىكايەت قىلىش** ــ بىرەر ئىش ياكى ئەھۋالنىڭ ئادىل بولمىغانلىقىنى ۋەياكى ئۆز كۆڭلىدىكىدەك ئىلىپ بېرىلمىغانلىقى سەۋەبلىك ئېيتىلىدىغان نارازىلىق.

**زۇلۇم** ــ ① كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارغا، زالىملارغا مەزلۇملارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارغا سالىدىغان جەبىر - جاپاسى، شەپقەتسىز ئېزىش، ئىستىبدادلىق. ② جەبىر - جاپا، مۇشاققەت.

**ئۆجۈقتۇرۇش** ــ ① يوقۇتۇش، ئۆلتۈرۈش. ② گەپ قىلالمايدىغان قىلىۋېتىش، جىمىقتۇرۇش.

**تالاش** ــ جېدەل، غۇلغۇلا.

**گوداڭ** ــ ئۆيۈلۈپ ئورا بولۇپ قالغان ياكى توپىسى قېزىۋېلىنغان چوڭ ئويمان يەر؛ ئازگال.
**تۇمۇز** ــ ① ئەڭ ئىسسىق بولغان 6ـ ئاي ۋە 8ـ ئاي ئارىلىقىدىكى ۋاقىت. ② 24 مەۋسۇمنىڭ بىرى بولۇپ 7ـ ئاينىڭ 22ـ، 23ـ ياكى 24 ـ كۈنلىرى.
**خەيرىسىز** ــ يامان خۇسۇسىيەتكە ئىگە، سەلبىي، بەختسىز، تەلەيسىز.
**قاپ يۈرەك** ــ قورقۇماس، تەۋەككۈلچى.
**قاپاق كاللا** ــ دۆت، كاللىسى ھېچنەرسىگە ئىشلىمەيدىغان، خاتىرىسى جايىدا ئەمەس، تەپەككۇر قىلالمايدىغان.
**ئالىيلىرى** ــ ئالىي تەبىقىگە مەنسۇپ ياكى مەنسەپكە ئىگە كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ نامىنى ئۇلۇغلاپ ئېيتىلىدىغان مۇراجەت فورمىسى.
**ئىجازەت قىلىش** ــ بىرەر ئىش ئۈچۈن بېرىلگەن رۇخسەت.
**تايغان** ــ ① ئىتنىڭ بىر خىلى. بىلى ئىنچىكە، پاچىقى ئۇزۇن ۋە يۈگرەك كېلىدۇ. ② تۈۋتى، تۈكى، مويى پەس.
**ئەبلەخ** ــ قىلمىشى، ھەركىتى چېكىدىن ئاشقان، ئۆتۈپ كەتكەن، قەبىھ، يارىماس، رەزىل.
**كوي** ــ I ① ئوي، خىيال. ② غەرەز، مەقسەت. ③ بىرەر مەقسەت بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پائالىيەت ياكى ئىش. II كوچا، يول. III جوڭگونىڭ پۇل بىرلىكى يۈەن.
**ھېساب ئېلىش** ــ مەسئۇلىيىتىنى، جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىش.
**تەقدىر** ــ ① دىنىي چۈشەنچە بويىچە ئالدىن بەلگىلەپ قويۇلغان پېشانىگە پۈتۈلگەن كۆرگۈلۈك، قىسمەت. ② كېلىچەك، ئاقىۋەت، ئىستىقبال.
**شۆلگەي** ــ رېفلېكس تەسىرىدە ئېغىز بوشلۇقىدا پەيدا بولىدىغان سۇيۇقلۇق، شال.
**شاھ** ــ ① پادىشاھلىق تۈزۈم يۈرگۈزۈۋاتقان دۆلەتلەردىكى ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى شەخس؛ پادىشاھ، خان. ② شاھمات ئويۇنىدا ئەڭ ئاساسى باشقا ئۇرۇقلارنىڭ ھەممىسى قوغدايدىغان ئۇرۇق، باشقا ئۇرۇقلارغا قارىغاندا ئېگىزرەك بولىدۇ. ③ شاھمات ئويۇنىدا قارشى تەرەپنىڭ شاھىغا قىلىنغان ھوجۇم، زەربە.
**ئەرۋاھ** ــ ① روھ ؛ ② ئۆلگەن كىشىنىڭ ئادەم خىيالىدا ياكى چۈشىدە كۆرگەن كۆلەڭگىسى. ③ ئادەمنىڭ جانسىز، گۆشسىز ئىسكىلىتى.
**پالاش** ــ بىرەر جىنايەت ياكى گۇناھ بىلەن ئەيىبلەپ بىر يۇرتتىن باشقا بىر

جاپالىق يۈرتقا ھەيدەش، سۈرگۈن قىلىش.

**خائىن** — ① ئەھدىسىنى، قەسىمىنى بۇزۇپ ئىش قىلغان كىشى. ② ئۆز ۋەتىنى، خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە زىت ئىش قىلىدىغان، دۈشمەن تەرەپ بىلەن ھەمكارلاشقان، دۈشمەن تەرەپكە ئۆتكەن كىشى؛ ساتقىن.

**مەسىل** — ① ئەخلاقى تەربىيە خاراكتېرىنى ئالغان ۋە ھەجۋى تۈستىكى ئوبرازلاشتۇرۇلغان كىچىك شېئىرىي ياكى نەسرىي ئەسەر. ② ئوخشاش .

**ھالاك بولۇش** — ئۆلۈش ، يوقىلىش ، تۈگەش .

**مۇتتەھەم** — باشقىلارغا يولسىزلىق قىلىدىغان، ئۆزىنى بۇزەك قىلىشقا ئۆزىدىغان، ئۆششۈق.

**رەزىل** — ① كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان، پەسكەش، ئىپلاس، رەسۋا. ② رەھىمسىز، قەبىھ، ئەشەددىي، ۋەھشىي.

## 3. قوشاقلار

**كۆچ ـ كۆچ قوشىقى** — 1871 ـ يىلى چاررۇسىيە ئەسكەر چىقىرىپ، ئىلى رايونىنى بېسىۋالدى. مەملىكەتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئون يىل جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق 1881 ـ يىلى تۈزۈلگەن «ئىلى شەرتنامىسى» دىن كېيىن چاررۇسىيە ئىلىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدى. ئىلى رايونى چاررۇسىيىنىڭ قولىدىن قايتۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، چاررۇسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئالدىشى ۋە تەھدىتى، شۇنداقلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خەلقتىن دەھشەتلىك ئۆچ ئېلىشى سەۋەبىدىن بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلاردىن 56 مىڭ ئۆيلۈك كىشى چاررۇسىيە زېمىنىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى، ئۇنىمىغانلار دۇمبالاندى، كۆچۈرۈلگەن ئاھالىلەر روسىيە زېمىنىغا كىرگەندىن كېيىن قۇللارچە مۇئامىلىگە ئۇچرىدى. خەلق چاررۇسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئەنە شۇ جىنايى قىلمىشلىرى ۋە جاھانگىرلارغا بولغان قاتتىق ئۆچمەنلىكى ۋە غەزەپ ـ نەپرىتىنى ۋە ئۆز ئانا يۇرتى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە يۇرتداشلىرىنى چوڭقۇر سېغىنىش ھىسياتىنى ئىپادىلەيدىغان قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان . كېيىن بۇ قوشاقلار «كۆچ ـ كۆچ قوشىقى» نامى بىلەن كەڭ تارقالغان.

**قېرىشىش** — باشقىلار بىلەن ئۆچەكىشىش، زىتلىشىش.

**تۆمۈر خەلپە** — 1891 ـ يىلى تۇرپاندا تۇغۇلغان. 1893 ـ يىلى ئائىلىسى بىلەن قومۇلنىڭ قوراي يېزىسىغا كۆچۈپ كەتكەن. 1912 ـ يىلى قومۇل

www.kitaphumar.com

دېھقانلىرىغا باشلامچىلىق قىلىپ ئەينى ۋاقىتتىكى قومۇل ۋاڭلىرىغا ۋە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. ياڭ زېڭشىنىڭ دامىغا چۈشۈپ ئۆرۈمچىگە كەلگەن. 1913 ـ يىلى كۆزدە ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەن.

**لاچىن** ــ قۇشلار كىلاسى لاچىن ئائىلىسىدىكى بىر قۇش. ئەركىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر كېلىدۇ. باش قىسمى بىلەن بويىنىنىڭ يان تەرەپلىرىدىكى پەي تۈكلىرى قارا رەڭلىك، ئارقا كۆكۈچ ئارىلاش، دۈمبە تەرەپلىرى كۆك كۈلرەڭ، قورساق قىسىملىرى ئاقۇچ ھەم قارا ئالىسى بار، ئۇچۇشى تېز، يىرتقۇچ كېلىدۇ، چوڭ قۇشلارنىمۇ ئوۋلىيالايدۇ. شىمالدا كۆپىيىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىدا قىشنى ئۆتكۈزىدۇ. شىنجاڭدىمۇ بار.

**توڭگۇز** ــ ① سۈت ئەمگۈچى ھايۋان بولۇپ ، بۇرۇن ۋە ئېغىز تۇمشۇقلىرى ئۇزۇنچاق ، كۆزى كىچىك ، قولىقى چوڭ ، پۇتى قىسقا ، تېنى سېمىز بولىدۇ . ئادەتتە كۆندۈرۈلۈپ ئۆيدە بېقىلغىنىنى «چوشقا » دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ② كۆچمە . « ئەبلەخ » ، « ھايۋان » دېگەن مەنىدىكى تىل ئاھانەت سۆزى . ③ مۆچەل يىل ھېسابىدا ئون ئىككىنچى يىلنىڭ نامى .

**كۇرە** ــ ① ئاشلىق ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. ياغاچ ياكى قومۇچتىن سوكەن شەكلىدە ياسىلىدۇ. ② ئون شىڭغا تەڭ ھەجىم ئۆلچەم بىرلىكى.

**خەلىپە** ــ ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت ئەقىدىلىرىنى ياخشى بىلىدىغان ئۇقۇمۇشلۇق دىنىي زات.

**خۇخەنزە** ــ باتۇر ۋە قەيسەر ئەر ، يىگىت ؛ ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى .

**ياۋ** ــ ئۇرۇش ، جەڭدىكى قارشى تەرەپ ، دۈشمەن ، رەقىب .

**دارىن** ــ مەرتىۋىلىك ئەمەلدار.

**ئارچا** ــ ئارچا ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ. ئېگىز ئۆسىدۇ، كىچىك شاخلىرى تۈز، تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. يوپۇرمىقى تەڭگىچە شەكلىدە بولۇپ، مېۋىسى شارسىمان، ياغىچى پۇراقلىق ھەم بەك چىڭ بولىدۇ. قۇرلۇشقا ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**بابلاش** ــ ① ئەدىبىنى، جازاسىنى بېرىش، جايلاش. ② بىرەر ئىشنى كۆڭلىدىكىدەك، مۇۋاپىق بىجىرىش، بەجا كەلتۈرۈش، ئورۇنداش. ③ بىرەر ئىشتا ياكى گەپتە باشقىلارنى ئالداش، گوللاش.

**زارەتلىك** ــ ئۆلگەن كىشلەرنى كۆمىدىغان جاي؛ قەبرىستانلىق.

**رەھمەتلىك** ــ خۇدانىڭ رەھمىتىگە لايىق؛ مەرھۇم.

**هاشار ـــ** هۆكۈمەت ياكى ھۆكۈمدارلارنىڭ ئۇرۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ھەقسىز ئىشلەپ بېرىدىغان مەجبۇرىي ئىشلەپ بېرىدىغان ئەمگەك.

**يارلىق ـــ** ① تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن يار شەكىللىنىپ قالغان جاي. ② بېرەر كىمگە ئەمەل، ئۇنۋان بېرىلگەنلىكى ياكى بېرەر ئىشنى ئورۇنلاش توغرىسىدىكى رەسمىي ئۇختۇرۇش، ھۆججەت، پەرمان، بۇيرۇق.

**زالىم ـــ** كىشىلەرگە جەبىر- زۇلۇم سالىدىغان، كىشىلەرنى ئېزىدىغان، رەھىمسىز.

**دورغا ـــ** ① ۋاڭ تەرىپىدىن بىر يېزىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بەلگىلەنگەن ئەمەلدار. ② كونا جەمئىيەتتە ئەمەلدارلارنىڭ يۇگۈر- يېتىم ئىشلىرىنى قىلىدىغان خىزمەتچى.

**ھار ـــ** ئۇيات، نومۇس.

**خار ـــ** ① ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان ، ئەزىز ئەمەس ، كەمسىتىلگەن . ② قىممىتى يوق قەدىرسىز . ③ (خا ) ئۆي ئۆگزىسىگە سېلىنغان جەگىلەرنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىككى ئۇچى تامنىڭ بېشىغا قويۇلىدىغان چوڭ لىم ياغاچ .

**سىيادان ـــ** ① ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، مايسىسى ۋە ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ. سۇغۇق يەلنى ھەيدەش، خۇننى راۋان قىلىش، قاننى جانلاندۇرۇش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى.

**تاۋار ـــ** ① ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلغان ئەمگەك مەھسۇلاتى. ② فابرىكىدا توقۇلغان تىگى بىلەن گۈللىرىنىڭ رەڭگى ئوخشاش بولغان يىپەك رەخت.

**جانان ـــ** ① قەددى- قامىتى كېلىشكەن گۈزەل ئايال. ② ياخشى، گۈزەل، چىرايلىق. ③ يېقىن كىشىلەرگە نىسبەتەن مۇراجەت ۋە ھۆرمەت مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. ④ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**پوتا ـــ** بەلگە باغلىنىدىغان رەخت، بەلۋاغ.

## 4. يېزىقچىلىق ۋە ئاغزاكى ئالاقە

**لەتىپە ـــ** كۈلكىلىك ۋەقە- ھادىسە ھەققىدىكى كىچىك ھېكايە. ئۇ خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ ئاممىباب ژانىرلىرىدىن بىرى بولۇپ ئۇنىڭدا جەمئىيەتتىكى ناچار ئىش، ناچار خاھىش ۋە خىيانەتچى، پارىخور، جازانىخور

كىشىلەر پاش قىلىنىدۇ. خەلقنىڭ دانالىقى، سەزگۈرلىكى ۋە تەدبىرچانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

**قوشاق** ــــ I ① بىر ـ بىرىگە چېتىلىغان، قوشۇلغان. ② بىر ئارغامچا بىلەن ئۆز ـ ئارا چېتىلىپ باغلانغان ئۇلاغلار. II كۆپىنچە يەتتە بوغۇملۇق، تۆت مىسرالىق بولىدىغان رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك، سۆزلىرى ئاددى، ئەمما جانلىق، ئوبرازلىق، ناخشا قىلىپ ئوقۇشقا ئەپلىك بىر خىل شېئىرىي ئەسەر.

**كارتىنا** ــــ ( رۇسچە ) كىنو ـ فىلىم ، كىنو كارتىنىسى ، مۇستەقىل بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولغان تەسۋىرى سەنئەت ئەسىرى. ئەدەبى ئەسەرلەردىكى مەلۇم كۆرۈنۈشلەرنىمۇ كۆرستىدۇ .

**تەقلىد قىلىش** ــــ ① باشقىلارغا ئەگىشىش، ئوخشىتىش، دوراش. ② ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن ئادەم ۋە جانلىق، جانسىز نەرسىلەرنىڭ ئاۋازىنى، ھالىتىنى ئۆز پېتىچە ئىپادىلەش ھالىتى.

**ئىجادىي** ــــ ئىجاد قىلىش ۋە ئىجادىيەت بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئىجادىيەت يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئىجاد قىلىنغان.

## 5. قوش لوككىلىق ياۋا تۆگە

**كۆچتۈڭگۈر** ــ جىسمانى كۈچى ئارتۇق، قاۋۇل، ناھايىتى كۈچلۈك.

**سەلتەنەت** ــــ ① خان، ئەمىر، پادىشاھلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە شۇنداق ھۆكۈمرانلارنىڭ قول ئاستىدىكى دۆلەت ياكى ئۇلار يۈرگۈزگەن ھاكىمىيەت. ② ھەيۋەت، سۈر، داغدۇغا، تەنتەنە، ھەشەمەت.

**بەتنىيەت** ــ يامانلىقنى ئويلايدىغان، نىيىتى بۇزۇق، نىيىتى يامان.

**ساتتار سالىخ** ــ (1945 ـ 1992) مىللىتى تاتار، تۆگە تەتقىقاتچىسى، ئىلى چاۋچىلىق، مال دۇختۇرلۇق مەكتىپىنىڭ دوتسېنتى.

**لوككا** ــ ئۆركەش : ① دەريا، دېڭىز سۇلىرىنىڭ بوران تەسىرىدە داۋالغۇپ ھاسىل بولغان دولقۇننىڭ يۇقىرىغا تىك كۆتۈرۈلگەن قىسمى؛ سۇنىڭ داۋالغۇپ ئېگىز كۆتۈرۈلىشى؛ دولقۇن. ② تۆگىنىڭ دۈمبىسىدە بىر ياكى ئىككىلا بولىدىغان، قىلىن يۇغان ياغ قاتلىمىدىن ئىبارەت چوقچىيىپ تۇرىدىغان ئۆسمە؛ لوككا. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**رەزىل** ــــ ① كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان، پەسكەش، ئىپلاس، رەسۋا. ② رەھىمسىز، قەبىھ، ئەشەددىي، ۋەھشىي.

www.kitaphumar.com

**سالجا** ــ بۇغۇم پۇتلۇق هايۋان، تېنى ئېلېپپىس شەكىلىدە بولۇپ، باش، كۆكرەك ۋە قۇرساق قىسمى بىرلىشىپ كەتكەن، تۆت جۈپ پۇتى بار قان شۈرگۈچى پارازىت.

**قان شۈرگۈچى پارازىت** ـــ هايۋانلار ۋە قۇشلار تېنىدە ياشاپ، شۇ خىل جانلىقنىڭ قېنىنى شۈراپ هايات كەچۈرىدىغان بىر خىل زىيانداش قۇرت.

**تەبئىي تاللىنىش** ـــ جانلىقلارنىڭ تەبئىي مۇھىتتا ياشاش جەريانىدا تەبىئەت قانۇنىيىتى بويىچە كۈچلۈكلەرنىڭ، تەبىئەتكە ماسلىشالىغانلىرىنىڭ هايات قېلىپ، ماسلىشالمىغانلىرى ۋە ئاجىزلىرىنىڭ شاللىنىپ يوقىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**هالاك بولۇش** ـــ ئۆلۈش ، يوقىلىش ، تۈگەش .

**كۆيلەش** ـــ ① بىرەر ئادەم ياكى نەرسە قاتارلىقلارنى ناخشا قوشاقلار بىلەن تەرىپلىمەك . ② يۇقىرى دەرىجىلىك هايۋانلارنىڭ چىشىللىرى تۇخۇم يېتىلىشىنىڭ هارپىسىدا فىزىئولوگىيە جەھەتتىن چېتىشىشىنى تەلەپ قىلماق .

**بوتلاق** ـــ تۆگىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىسى .

**تەمتىلەپ** ـــ ① ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈدەكسىمان چايقىلىپ، تاشلىنىپ ، ئاستا ـ ئاستا قەدەم ئالماق. ( باللار ھەققىدە ) ② بىرەر نەرسىگە تايىنىپ ، ئاستا دەلدەڭشىپ ماڭماق.

**خالىس** ـــ ① ھەممىگە بىر خىل نەزەر بىلەن قارايدىغان ، بىر تەرەپكە يان باسمايدىغان ؛ بىتەرەپ . ② ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەيدىغان، تەمە قىلمايدىغان ، غەرەزى يوق. سەمىيمىي . ③ ھەق تەلەپ قىلمايدىغان ، ھەق ئالمايدىغان، ھەقسىز؛ چىن كۆڭلىدىن . ④ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**پروفېسسور** ـــ ئالىي مەكتەپلەردىكى ئالىي دەرىجىلىك ئىلمى ئۇنۋان ئالغان ئوقۇتقۇچى .

**قاقشال** ـــ ① بەك قۇرۇپ كەتكەن ، ناھايىتى قۇرۇق . ② قۇرۇپ ، شاخ ۋە يوپۇرماقلىرى قالمىغان دەل ـ دەرەخ ، يۇلغۇن ، چاتقال ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر. ③ ئورۇقلۇقتىن بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ، قورۇق ئۇستىخان ، ناھايىتى ئورۇق ، جۇدەڭ .

**ساقاتقى** ـــ بىر خىل پارازىت جانلىق ، چوڭ هايۋانلارنىڭ قېنىنى شۈراش ئارقىلىق هايات كەچۈرىدۇ .

**تەھلىكە** ـــ ھالاكەت ، خەۋپ ـ خەتەر ، بەختسىزلىك بىلەن

ئاخىرلىشىدىغانلىقى ئېنىق بولغان ۋەھىمە ؛ تەشۋىش .

**ئاتكىرىتكا** ـــ بىر تەرىپىگە سۈرەت چۈشۈرۈلگەن ، سالام خەت ، تەكلىپ ۋە تەبرىكنامىلەر يېزىشقا ئىشلىتىلىدىغان كارتا .

**ماياق** ـــ قوي، ئۆچكە، تۆگە قاتارلىق بەزى ھايۋانلارنىڭ، توخۇ، كەپتەر قاتارلىق بەزى قۇشلارنىڭ يۇمىلاق ياكى قاتتىقراق پوقى.

**كۆرگە** ـــ چۆلدە ئۆسىدىغان ياتاقسىمان ئۆسۈملۈك. قومۇش ـ باشاقلار ئائىسىلىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، كۆپىنچە سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكلىدە، غولىنىڭ ئىچى كاۋاك، غولىدا بورا تۇقۇغلى ياكى قەغەز ياسىغىلى بولىدۇ.

**ياۋا ھىڭگان** ـــ دالىلاردا چۆل ـ جەرىلەردە ياشايدىغان ئادەملەرگە كۆنمىگەن چىشى تۆگە، قايمال.

**زىمىستان** ـــ ① قىش پەسلى، قىش. ② كۆچمە مەنىسى : مۇددىھىش، قاراڭغۇ، زۇلمەت.

**ئاشىق** ـــ ① بىراۋنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ ئۇنىڭغا خۇشتار بولۇپ قالغان، مۇھەببەت قويغان كىشى. ② كۆچمە مەنىسى : بىرەر نەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، ئۇنىڭغا بېرىلگەن كىشى. ③ تەركىدۇنيا ھالدا بارلىقىنى خۇداغا بېغىشلىغان، كۆپىنچە ئىبادەتخانىلاردا يېتىپ ـ قوپىدىغان، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆستۈرۈلگەن كىشى، دەرۋىش.

**ۋاپا** ـــ دوستىغا، يارىغا ۋە يېقىن كىشىلىرىگە بولغان ساداقەت؛ كۆيۈم، سۆزىدە قەتئىي تۇرۇش، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش.

## 6. بۇركۇت

**سىمۇۋۇل** ـــ ① ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، بۇنىڭدا بىرەر ئىش ، نەرسە ، ھادىسە قاتارلىقلار شەرتلىك ھالدا شۇلار ئىپادىلەپ بېرىدىغان ياكى ئەسلىتىدىغان تۇرمۇش ھادىسىلىرى، ئۇقۇملار ۋە نەرسىلەرگە بەلگە قىلىنىدۇ ياكى تەققاس قىلىنىدۇ . ② بىرەر غايە ، چۈشەنچە ، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان ، ئەسلىتىدىغان باشقا خىل نەرسە ، ھادىسە ياكى شەرتلىك بەلگە .

**قارچىغا** ـــ يىرتقۇچ قۇشلار تۈركۈمىدىكى بىر خىل ئوۋ قۇشى، تېنى قىنىق قوڭۇر، ئۇستۇنكى تومشۇقى ئىلمەك، تىرنىقى ئۆتكۈر، كۈرۈش قۇۋۋىتى

www.kitaphumar.com

يۇقىرى كېلىدۇ. قولغا كۆندۈرۈلسە، ئۇنىڭ بىلەن غاز، ئۆردەك، قىرغاۋۇل، ياختەك قاتارلىق قۇشلارنى ۋە ياۋا توشقانلارنى ئوۋلاشقا بولىدۇ.

**يىرتقۇچ** ـــ ① يىرتىدىغان، ئۆتكۈر. ② جانلىقلار بولۇپمۇ ھايۋانلار گۆشى بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان، گۆشخور، ۋەھشىي، ياۋۇز ( ھايۋانلار ھەققىدە ) .

**تاز قارا** ـــ ئېلىمىزدە ياشايدىغان بۈركۈت تىپىدىكى ناھايىتى كۈچلۈك، يىرتقۇچ قۇش. ئاساسەن ئۆلگەن ھايۋانلارنىڭ تاپلىرىنى يەيدۇ، بەزىدە يەنە كىچىك قۇشلار ۋە بەزى چوغى كىچىك ھايۋانلارنىمۇ تۇتۇپ يەيدۇ، چۆل ـ باياۋانلاردا، تاغلىق رايونلاردا ياشايدۇ.

**شۇڭقار** ـــ ① بۈركۈت تىپىدىكى ناھايىتى كۈچلۈك، يىرتقۇچ ئوۋچى قۇش. ② كۆچمە مەنىسى : باتۇر، قەھرىمان، مەرد، پالۋان.

**بىئولوگىيىلىك** ـــ بىئولوگىيىگە ئائىت، بىئولوگىيىگە تەئەللۇق.

**ئولجا** ـــ ① ئۇرۇش ـ جەڭلەردە قارشى تەرەپتىن تارتىۋېلىنغان، غەنىمەت ئېلىنغان بۇيۇم، نەرسە . (2) شىكار ، ئوۋغا چىققاندا ئوۋلىغان نەرسە .

**تاپ** ـــ I ھايۋانات ياكى جانلىقلارنىڭ ئۆلۈكى ، مۇردا ، جەسەت . II ① ئېتىزنى ئاغدۇرغاندا قالغان قوش ئىزى . ② ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ. III پەيت ، پۇرسەت ، ۋاقىت IV چىدام ، تاقەت ، بەرداش .

**چىرىندىخور** ـــ چىرىندىنى يەپ، چىرىندى ئىچىدە ياشايدىغان.

**تاغ قىيالىرى** ـــ تاغلاردىكى تىك يارلار ياكى نىسبەتەن تىكرەك بولغان جىرالار.

**چىۋىق** ـــ تال، سۆگەت قاتارلىقلارنىڭ يىڭى ئۆسكەن، يۇمران ۋە ئىنچىكە شىخى. ② ئىنچىكە تۆمۈر تاياقچە.

**تاغ يۈتىسى** ـــ تاغنىڭ يانباغرى، بەل.

**ھاۋا ئېقىمى** ـــ ئاتموسفېرادىكى تۈرلۈك تەركىبكە ئىگە ماددىلارنىڭ ئارىلاشما ھالەتتە تۈرلۈك ھاۋارايى سەۋەبلىرى تۈپەيلىدىن تەرتىپلىك يۆتكىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن ئېقىم: شامال، بوران ياكى ئىسسىق ھاۋانىڭ بەلگىلىك يۆنىلىشتە يۆتكىلىشى.

**يەلكە** ـــ بويۇننىڭ ئارقا قىسمى : مۈرە، ئۆشنە.

**ئالىتاغىل** ـــ ① ئاق داغلىرى بولغان، ھەر خىل رەڭ ئالغان. ② بىر خىل بولمىغان، تەرتىپسىز، قالايمىقان: ئېگىز ـ پەس، يۇقىرى ـ تۆۋەن.

**ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق** ـــ ئېكولوگىيىلىك سىستېمىدىكى ئورگانىزملار

بىلەن مۇھىت شارائىتى ئارىسىدا ئوزۇن تارىخى دەۋرلەر ئارقىلىق ئۆز- ئارا تەسىر قىلىپ، ئۆز- ئارا تىزگىنلەپ، ئەڭ ئاخىرىدا بىر مۇرەككەپ، بىر پۈتۈن گەۋدە شەكىللىنىدۇ. مانا بۇ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقتۇر.

## 7. چايان بىلەن دۆنىڭ ئېلىششى

**مەخلۇق** ــــ ① ئىنسان ۋە پۈتۈن جانىۋارلارنىڭ ، تىرىك مەۋجۇداتلارنىڭ ئومۇمىي نامى . ② كۆچمە . بىر نەرسىگە ئوخشىمايدىغان ، خۇنۇك ياكى ئەخلاقسىز ، نىيىتى يامان ۋە شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغان ، ئۆچ كۆرىدىغان كىشىلەرنى كەمسىتىپ ئېيتىلىدۇ .

**تەسەۋۋۇر** ــــ ① كۆز ئالدىدا مەۋجۇت بولمىغان شەيئىلەرنىڭ كونكرېتنى ئوبرازىنى ئويلاپ چىقىش . ② سەزگۈ ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يېڭىدىن ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق ، يېڭى ئوبراز يارىتىشنىڭ پسىخولوگىيىلىك جەريانى . ③ ھېسسى بىلىش باسقۇچىنىڭ يۇقىرى پەللىگە تەۋە بىلىش جەريانى . ئىدراك ئاساسىدا ھاسىل بولىدۇ . ئىدراكتىن يۇقىرى تۇرىدۇ . بىلىش نەزەرىيىسىدە بەزىدە «ئوبراز» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ .

**يىرگىنچلىك** ــــ كىشىنى قاتتىق بىزار قىلىدىغان، يىرگەندۈرىدىغان.

**كۆپۈشكەن** ــــ ① ئۆرلىگەن، كېڭەيگەن، يوغىنىغان. ② كۆچمە مەنىسى: رەنجىمەك، نارازى بولماق.

**جاۋغاي** ــــ ئېغىزنىڭ ئىككى چەت بۇرجىكى.

**لۆمشۈپ** ــــ لۆم ـ لۆم قىلىپ، بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر بېسىلىپ تۇرماق.

**قەبىھ** ــــ كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان، نەپرەتلەندۈرىدىغان، سەسكىنەندۈرىدىغان رەزىل، يارىماس.

**ژورنالىست** ــــ گېزىت- ژورناللارغا ھەر خىل تېمىدا ماقالىلەر يېزىپ تۇرىدىغان ۋە ئۇنى چىقىرىشقا قاتنىشىدىغان كىشى، ئەدىب.

**مېدالىئون** ــــ ئىچىگە رەسىم ياكى باشقا نەرسىلەر سېلىنغان، يۇمىلاق ياكى قىرلىق شەكىلدە قاپچۇققا ئوخشاش ياسالغان، بويۇنغا ئېسىلىدىغان زىننەت بويۇمى.

**نىمكەش** ــــ بىر ئاز كېيىلگەن ياكى ئىشلىتىلگەن، پىتىدىن چۈشكەن.

**نالە** ــــ ① غەم- ئەلەم، دەرت- ھەسرەتنى ئىپادىلەيدىغان دەردلىك ئاۋاز؛ پەرياد، پىغان. ② يالۋۇرۇش، ئىلتىجا، ئۆتۈنۈش قاتارلىق تەلەپ تۇيغۇلىرىنى

www.kitaphumar.com

ئىپادىلەيدىغان مۇڭلۇق ئاۋاز، يىلىنىپ قىلىنىغان ئىلتىجا ئاۋازى.

**پارس** — شۇ نام بىلەن ئاتالغان كىشى ۋە شۇ مىللەتكە تەۋە كىشى. ئۇلار ئىراننىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**ئەرەب** — شۇ نام بىلەن ئاتالغان كىشى ۋە شۇ مىللەتكە تەۋە كىشى. ئۇلار سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە ئەتراپىدىكى بىر قىسىم ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**ھىندى** — شۇ نام بىلەن ئاتالغان كىشى ۋە شۇ مىللەتكە تەۋە كىشى. ئۇلار ھىندىستاننىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**رىۋايەت** — مەلۇم كىشى ، ئىش ، نەرسە ياكى مەلۇم ۋەقە توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ كەڭ تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئاغزاكى ھېكايە ؛ ئەپسانە .

**چۆچەك** — I ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى فانتازىيىلىك ئاساستا كۆلكىلىك ۋە قىززىقارلىق قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئاغزاكى ھېكايە. II ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان چىنە.

**كامار** — ① ئويۇلغان جاي، تۆشۈك. ② ئۆڭۈ، ئىن.

**نەشتەر** — ① يارىنى يېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۆتكۈر تىغ. ② زەھەرلىك ھاشارەتلەرنىڭ چاقىدىغان ئەزاسى.

**قەبرىستان** — قەبرە كۆپ جاي، مازار، گۆرىستانلىق.

**يار** — I ① ئەڭ يېقىن كىشى ، بۇرادەر ، ئاغىنە ؛ ② ئۆز ـ ئارا تونۇشقان ، مۇھەببەتلەشكەن ؛ مەشۇق . ③ كۆچمە . مەدەت ، ئىلھام ، يار ـ يۆلەك . II سۇ ، تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن شەكىللەنگەن ئىنتايىن تىك چوڭقۇرلۇق ؛ يارداڭ ، قىيا .

**باشمالتاق** — باش بارماق.

**ئېكىسكاۋاتۇر** — يەر كولاش، توپا قېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل مىخانىزىم.

**ئىسكەتىلىك** — ① تەقى ـ تۇرقى قاملاشقان، قامەتلىك، فىگورىلىق. ② قۇرۇلمىسى، ھالىتى، نۇسخىسى چىرايلىق.

**روبىرو** — ① مەلۇم بىر نەرسە ياكى سۆزلىگۈچىگە قارىمۇ ـ قارشى بولغان تەرەپ؛ ئالدى، ئۇدۇلى. ② يۈز ـ تۇرانە، يۈزمۇ ـ يۈز، ئۇدۇلمۇئۇدۇل.

**بەتبەشىرە** ــ ① ئەلپازى، ئەپتى، چىرايى بۇزۇق؛ كۆرۈمسىز؛ سەت. ② يامان قىياپەت، ماھىيەت.

**قىسقۇچپاقا** ــ بوغۇم پۇتلۇق ھايۋان. پۇتىن تىنىدە قاسراقلىق قاپچۇقى بار، كۆزىنىڭ سېپى بار، توغرىسىغا ئۆمىلەيدۇ. خىلىرى كۆپ.

**شىشخال** ــ ① بىر خىل قىمار ئەسۋابى. سۆڭەك، چاقچۇق، ياغاچ ۋە سۇلياۋ قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ. كۇب شەكلىدە بولۇپ، ئالتە يېقىغا رەت بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1، 2، 3، 4،5، 6 دانىدىن قىلىپ رەڭلىك چېكىتلەر ئويۇلغان بولىدۇ. ② شۇ خىل ئەسۋاب ئارقىلىق ئوينىلىدىغان قىمار.

**قوۋۇز** ــ I ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئىككى يان تەرىپى، يەنى ئىككى يان دىۋارى؛ II ئېغىزدا چېلىنىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى. پولات، مىس، ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق مېتاللاردىن ياسىلىدۇ.

**بۆرتۈپ چىققان** ــ تۇرتۇپ چىققان، كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ تۇرغان.

**چاڭگال** ــ ① چاڭ، پەنجە. ② كۆچمە مەنىسى: زۇلۇم، ئاسارەت، تۇتقۇنلۇق، نەزەربەند، ربجىم؛ ئىسكەنجە. ③ ساناق سانلار بىلەن قوشۇلۇپ، چاڭگاللىغىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ.

**رەقىب** ــ ① رىقابەتلىشىش خاراكتېرىنى ئالغان مۇسابىقە ئويۇنلىرى، تالاش ـ تارتىش، بەس ـ مۇنازىرە ۋە شۇ قاتارلىقلاردىكى قارىمۇ ـ قارشى تەرەپ، ئۆز ـ ئارا رىقابەتلەشكۈچى (بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن) ② دۈشمەن، ياۋ. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**كېپىنەك** ــ بىر خىل ھاشارات. قاناتلىرى كەڭ، رەڭگى چىرايلىق، تىنىچ تۇرغاندا تۆت قانىتى دۈمبە قىسمىدا تىك تۇرىدۇ، قورسىقى تار، ئۇزۇن، گۈل شىرنىلىرىنى شۈمۈرۈپ يەيدۇ.

**ھالاك قىلىش** ــ ئۆلتۈرۈش ، يوقىتىش ، تۈگىتىش : مەغلۇپ قىلىش.

**ناگان ـ ناگاندا** ــ ئاندا ـ ساندا، بەزى ـ بەزىدە، گاھى ـ گاھىدا.

**تاكتىكا** ــ ① ئۇرۇش قىلىشتىكى پىرىنسىپ ۋە ئۇسۇل. ② كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەشنىڭ كونكرېت شارائىتىغا ماس ھالدىكى يولى، فورمىسى ۋە ئۇسۇل، چارە ـ تەدبىرلىرى.

**جانباز** ــ بىرەر ئىشتا ئۆلۈش ـ تىرىلىشىگە قارىماي ئەستايىدىل غەيرەت كۆرسەتكۈچى، پىداكار.

**ساۋۇت** ــ قەدىمكى زامانلاردا بەدەننى نەيزە ، قىلىچ ، ئوق زەربىسىدىن ساقلاش ئۈچۈن جەڭدە كىيىلگەن ، تۆمۈر پارچىللىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاش ياكى

پولات سىمدىن توقۇش ئارقىلىق تەييارلانغان ئۇرۇش كىيىمى .

**قالقان** ـــ I قەدىمقى زامان ئۇرۇشلىرىدا بەدەننى قېلىچ، نەيزە قاتارلىقلارنىڭ زەربىسىدىن ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چەمبەر ياكى تۆت بۇرجەك شەكلىدىكى بىر خىل قورال. II مۇداپىئە ئۈچۈن قورغان تامنىڭ ئۈستىگە ئۈچبۇلۇڭ شەكلىدە تىزىلغان كېسەك قورۇلما.

**زەرداب** ـــ ① كۆڭۈل ئېلىشقاندا ياكى قەي قىلغاندا ئېغىزدىن يانىدىغان ئاچچىق سېرىق سۇ. ② جاراھەتلەنگەن، يارىلانغان ئورگاندىن ئاجرىلىپ چىقىدىغان ياكى ئۇنىڭدا يىغىلىپ قالىدىغان سۇيۇقلۇق. ③ كۆچمە مەنىسى : دەرد ـ ئەلەم، ئازاب ـ ئوقۇبەت، خاپىلىق.

**بۇژۇلداش** ـــ بۇژ- بۇژ ئاۋاز چىقىرىش، بۇژ- بۇژ قىلىش.

**مەڭدەش** ـــ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قېلىش، ھاڭۋېقىپ قېلىش؛ ھاڭ ـ تاڭ قېلىش، گاڭگىراش.

**بىتاپ** ـــ بىرەر كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان؛ ئاغرىق، كېسەل.

**گىلدىڭشىپ** ـــ ھەر تەرەپكە سىلكىنىش؛ « گىلدىڭ ـ گىلدىڭ» قىلىش؛

**قاقۋاش** ـــ ① تۇرمۇشتا جىق ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ تەجرىبىلىك بولۇپ كەتكەن؛ زىيان تارتىدىغان، ئۆزىگە بەختسىزلىك كېلىدىغان يولغا ماڭمايدىغان؛ بەك قۇۋ، پىشقان. ② بېشىدىن كۆپ ئىش ئۆتكەن، كۆپنى كۆرگەن تۈپەيلى قۇۋلىشىپ كەتكەن ئادەم؛ قۇۋ كىشى.

**پاجىئە** ـــ ئېچىنىشلىق ۋەقە؛ ھالاكەت؛ مۇسىبەت؛ بەختسىزلىك.

## 8. يېزىقچىلىق ۋە ئونىۋىرسال ئەمەلىيەت پائالىيىتى

**ياۋايى** ـــ ① ئادەمگە كۆنمىگەن ، كۆندۈرۈلمىگەن ، تەبىئەتتە ئەركىن ياشاۋاتقان . ② ئۆزى تەبىئىي ئۆسىدىغان ياكى ئۆسكەن . ( ئۇسۇملۇك ) ③ مەدەنىيەتنىڭ ئىپتىدائى ھالىتىگە خاس بولغان ، قالاق ، مەدەنىيەتسىز : ④ ئىجتىمائى تۇرمۇشتىن چەتنىگەن ؛ قەبىھ، ، ۋەھشىي .

**بۆكەن** ـــ I سۈت ئەمگۈچىلەرنىڭ بىر تۈرى. تەن شەكلى ئۆچكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئادەتتە شىنجاڭدىكى قاڭشارلىق بۆكەن كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ يوگۇرۈك ۋە ئۇسسۇزلۇققا چىدامىلىق؛ مۈڭگۈزلىرى ئاقۇچ ياكى سارغۇچ بولۇپ، سەل يايسىمان، ئاستى تەرىپى كاۋاك كېلىدۇ؛ مۈڭگۈزىنىڭ تىبابەتچىلىكتە قىزىتمىنى قايتۇرۇش، زەھەرسىزلەندۈرۈش، جىگەرنى كۈچلەندۈرۈش ۋە ئۈششاق ئاغرىقلارنى

داۋالاشتا ئالاھىدە رولى بار.  II  لوككا.
**ئاق پالاقلىق دېلفىن** ـــ سۇت ئەمگۈچى ھايۋان تىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 مېتىر ئەتراپىدا بولۇن تۇشۇكى بېشىنىڭ ئۇستىدە، دۇمبىسى قارا كۆك رەڭدە بولۇپ، ئۇستىدە پالاقچىسى بولىدۇ. قورسىقى ئاق، ئالدى پۇتى پالاقچىگە ئۆزگەرگەن، ئادەتتە دېڭىز چوشقىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
**تەخىرسىز** ـــ تەخىر قىلىشقا، ساقلىتىپ قويۇشقا  بولمايدىغان؛ ھاياللىسىز.
**قۇشخانا** ـــ قوي، كالا قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنى بوغۇزلاپ سويۇشقا تەييارلانغان مەخسۇس جاي.
**ئەتكەسچىلىك** ـــ دۆلەت تەرىپىدىن ئېلىپ ـ سېتىش چەكلەنگەن ماللارنى ئېلىپ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتى.

مەشھۇر ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرۇش كەلىلە ۋە دېمنە

**نادىر** ـــ كەم تېپىلىدىغان، كەم ئۇچرايدىغان، ناھايىتى ئېسىل، ئەلا؛ بىباھا، قىممەتلىك.
نەزىرى چۈشۈش ـــ دىققىتىنى تارتىش، قاراش، كۆرۈش.
**شۈمشەيگەن** ـــ ① بىرەر سىرتقى تەسىردىن بەدەنلىرى قورۇلۇپ تۈگۈلۈپ قالغان ھالەت؛ ② كۆچمە مەنىسى : ناچار ھالەتتە قېلىش، بىچارىلىنىش، غەمكىن، مىسكىن بولۇپ قېلىش.
**روزغار** ـــ ① كۈن كەچۈرۈش ئۈچۈن ئىستىمال قىلىنىدىغان ئوزۇق ـ تۈلۈك، يېمەك ـ ئىچمەك، ئاشلىق ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر؛ ئوزۇقلۇق. ② ئۆي ـ جاي، ماكان؛ مال ـ مۈلۈك، تەئەللۇقات، ئۆي، بىسات. ③ تۇرمۇش، تىرىكچىلىك.
**دەرۋىش** ـــ ① مال ـ دۇنيادىن كېچىپ خۇداگۈيلۈق بىلەن خانىقا ياكى مەلۇم بىر ئىبادەت ئورنىدا ئىتىقامەت بىلەن ياشىغۇچى كىشى، سوپى. ② تەركىدۇنيا بولۇپ يۇرت كەزگۈچى، جاھانكەشتى.
**غوۋغا** ـــ ئۇرۇش ـ جېدەل، ماجىرا؛ قىيا ـ چىيا.
**پەرمان** ـــ ① ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئېلان قىلغان بۇيرۇق، يولىيورۇق، قارار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆججەت. ② بىرەر ئىشنى ئورۇنلاش ھەققىدىكى بۇيرۇق، ئۇقتۇرۇش.
تەرەددۇت قىلىش ـــ تەييارلىق قىلىش، ھازىرلىق كۆرۈش، تەمشىلىش.
**لاتاپەت** ـــ گۈزەللىك ، خۇشخۇيلۇق ، نازۇكلۇق ، مۇلايىملىق .

**ئىنايەت** ــــ مەرھەمەت ، ئىلتىپات ، ياردەم ، ياخشىلىق .
**موم** ــــ ھايۋان ، مىنېرال ياكى ئۆسۈملۈكلەردىن ئېلىنغان مايسىمان يۇمشاق ماددا . ئېلاستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە . ئاسان سۇيۇقلىنىدۇ . سۇدا ئېرىمەيدۇ ، كاربون سولفىد ۋە بېنزولدا ئېرىيدۇ .
**پاسىبان** ــــ ① بىرەر كىشى ياكى بىرەر نەرسىنىڭ خەۋپسىزلىكىنى ، ئامانلىقىنى ، دەخلىسىزلىكىنى قوغداش ئۈچۈن كۆزەتكە، پوستتا قويۇلغان كىشى . ② ھىمايە قىلغۇچى ، مۇھاپىزەت قىلغۇچى ، ساقلىغۇچى .
**چوبگەز** ــــ تامچىلار سۇۋاقتا تامنى تەكشىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب ، ئۇزۇن ھەم قېلىن گەز .
**شەيتان** ــــ I ① دىننى چۈشەنچە بويىچە ئادەملەرنى دىن يولىدىن ئازدۇرغۇچى ، يامانلىققا ، بەتقىلىقلىققا باشلىغۇچى ئەپسانىۋى مەخلۇق . ② شوخ ، چاققان ، ھەربكەت ۋە قىلىقلىرى ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان . ③ قارا نىيەت ، ئالدامچى ، ھىيلىگەر ، مەككار ، شۇم نىيەت . ④ ئادەمنى ئېزىقتۇرىدىغان ھىس ، ئادەمنى يامان ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەپ تۇرىدىغان ئىچكى تۈيغۇ . II گۈررۈنتال تەكشىلىكنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاپ ، رامكا بىلەن ئىچىگە ئېتىل ئېفىر ياكى ئىسپىرت قاچىلانغان ئەينەك نەيچىدىن تۈزۈلىدۇ . نەيچە ئىچىدە بىر دانە كۆپۈك قالدۇرۇلغان بولۇپ ، ئۇ باشتىن ئاخىر نەيچىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نوقتىسىدا تۇرىدۇ . شەيتان گۈررۈنتال تەكشىلىكتە تۇرغاندا كۆپۈك نەيچىدىكى شكالىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىدۇ ، بۇ شۇنداق ئەسۋاپنىڭ بىر خىلى .

**ئىشتىھا** ــــ كىشىنىڭ يىمەك ـ ئىچمەككە كۆڭلى تارتىشى ، مايىللىقى .
**ياساۋۇل** ــــ بۇرۇنقى خان ـ پادىشاھ دەۋرىدە يۇقىرى مەنسەپتىكى ئەمەلدارلارغا خىزمەت قىلىدىغان خىزمەتچى خادىم ، ساقچى .
**مەھرەم** ــــ ① پادىشاھنىڭ ئوردا ـ سارايلىرىدا ھەم يېنىدا ھەر خىل خىزمەتلەرنى قىلىدىغان خىزمەتكار. ② مۇھاپىزەتچى خادىم . ③ ئەر ياكى خۇتۇننىڭ شەرىئەت بويىچە بىر ـ بىرىنى كۆرۈشى مۇمكىن بولغان ، ئەمما نىكاھ راۋا بولمايدىغان قېرىنداشى .
**كەكە** ــــ تىغى دەستىگە ئورنىتىلغان كىچىك تىپتىكى چېپىش ، يونۇش قورالى .
**سەندەل** ــــ I تۆمۈرچى ، زەرگەر مىسكەرچىلەرنىڭ تۆمۈر قاتارلىق مىتاللارنى ئۇستىدە قويۇپ بولقا ياكى بازغان بىلەن ئۇرۇپ بىر نەرسە ياسايدىغان

www.kitaphumar.com

قۇيما ئەسۋابى . ① II سەندەل ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ ، ياغىچى چىلاق ۋە خۇشپۇراق ، ئۇنىڭدىن قۇرال ـ جابدۇق ياسىغىلى ، مېۋىلەرنى ئىسلىغىلى ياكى دورا ۋە پۇراقلىق ماتېرىياللارنى چەككىلەپ ئالغىلى بولىدۇ . ② شۇ خىل دەرەخنىڭ ياغىچى . III قىشنىڭ كۈنلىرى سوغۇقتا پۇت ـ قوللارنى ئىسسىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئىچىگە چوغ سېلىپ قويىدىغان ، تەلەڭگە شەكىللىك بىر خىل سايمان ، چوغدان . IV چەمى يوپقا ، پاشىنىسىز ۋە يەڭگىل قىلىپ تىكىلىدىغان بىر خىل يازلىق ئاياغ كىيىمى، شىۋەك . V يىغسا يىغقىلى بولىدىغان ھەم ئەپچىل قىلىپ ياسىلىدىغان بىر خىل ئۇرۇندۇق .

**كۈرەك** ــــ I بۇغداي سورۇش ۋە قار تازىلاش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئۇزۇن ساپلىق ياغاچ گۈرجەك . II تۆت ياشلىق ۋە ئۇنىڭدىن ئاشقان تۆگىلەرنىڭ ئېرىق چىشى .

**تەمە** ــــ ① باشقىلارنىڭ بىر نەرسە ئىنئام قىلىشىنى كۈتۈش ، مەنپەئەتكە ئېرىشىشكە ئىنتىلىش . ② ئارزۇ ، يېلىنىش ، ئۈمىد .

**سانسكرىت** ــــ قەدىمقى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھىندى دىنى، پەلسەپە ۋە بەدئىي ئەدەبىياتىنىڭ تىلى.

**تائەت ـ ئىبادەت** ــــ دىنىي ئەمەللەرنى ئىتائەتمەنلىك ۋە چىن ئىخلاسى بىلەن بەجىرىش؛ ئىبادەت قىلىش.

**كەمەر** ـــ كىيىم ئۈستىدىن بەلگە باغلايدىغان تاسما، بەلۋاغ.

**ئىشىكئاغىسى** ـــ بۇرۇنقى خان ئوردىسىدا تۇرۇپ ئىشىككە قارايدىغان ئوردا ئىشىكىدىن كىرگەن خاس ئەمەلدار ۋە باشقىلارنىڭ كىرگەن ـ چىققىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلىدىغان كىشى.

**نائىب** ـــ ① ئورۇنباسار، ياردەمچى. ② ۋاقىتلىق تۇزۇمدە، مەسچىتكە نامازغا بارمىغانلارنى دەررىلەش، شەرىئەت قىلىپىدىن چىققانلارنى جازالاش ئىشىنى قىلىدىغان كىچىك ئەمەلدار. ئادەتتە بۇنداقلارنىڭ قولىدا ھامان دەررە بولىدۇ.

**تاناپ** ـــ يەر ئۆلچەش، قىر ـ ئېرىقلارنى رۇسلاش، سىزىق چۈشۈرۈش ئۈچۈن تارتىلىدىغان، پاختا ياكى چىگىدىن ئىنچىكە ئېشىلگەن تانا.

**تاۋابىئات** ـــ بىر ئائىلىگە تەۋە بولغان بارلىق كىشىلەر.

**نىجاسەت** ـــ تېزەك، پوق، گەندە، پاسكىنا، ئېپلاس، ھارام نەرسە.

**شەربەت** ـــ ① پىشقان ھۆل مېۋىنىڭ تەركىبىدىكى قەنت ماددىسى، شىرنە؛ مېۋە سۈيى. ② مېۋىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا سېلىپ قايناتقىشتىن

هاسىل بولغان سۈيۈقلۇق.

**دەرگاھ** ــ ① تۇرار جاي. ② ئىشىك ئالدى.

**بەتبۇي** ــ پۇرىقى، ھىدى يېقىمسىز؛ سېسىق پۇرايدىغان؛

**پارە قىلىش** ــ پارچىلاش، بىر نەرسىنى بىر قانچىلىغان پارچىلارغا ياكى قىسىملارغا ئايۋىتىش.

**بىئەدەب** ــ ئەدەپسىز، ئەخلاقسىز.

**ئىبرەت** ــ كىشىلەر ئۆلگە ئېلىشقا بولمايدىغان، ساقلىنىش ئۈچۈن ساۋاق بولىدىغان ئىش ـ ھەرىكەت، ۋەقە، ھادىسە.

**بارگاھ** ــــ ھەربىي قوشۇن، پادىشاھ، خان، ۋاڭ، بەگ قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ تۇرار جايى؛ دەرگاھى.

**نەشتەر** ــــ① يارىنى يېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۆتكۈر تىغ. ② زەھەرلىك ھاشارەتلەرنىڭ چاقىدىغان ئەزاسى.

**شۈركۈنۈش** ــــ جۇغۇلداپ تىترەش، ئەندىكىش ئىچىدە سىلكىنىپ تەۋرىنىش، سەسكىنىش.

**كاساپەت** ــ ① يامان ئاقىۋەتلەرگە سەۋەبچى بولغۇچى كىشى ياكى نەرسە. ② « بالا تەگكۈر» ، « ئۆلگۈر» دېگەن مەنىلەردىكى ھاقارەت سۆزى. ③ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن كېلىپ « سەۋەبى، تۈپەيلى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**پەسلىك** ــ ① پەس، تۆۋەن ھالەت. ② رەزىللىك، ئىپلاسلىق.

**خالاس بولۇش** ــ ① بىرەر ئىش ياكى مەسىلە، ھادىسە، غەم ـ ئەندىشە ۋە شۇ قاتارلىقلاردىن قۇتۇلغان، خالىي، ئازادە. ② جۈملىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئىشنىڭ شۇ جۈملىدە ئېيتىلغىنى بىلەنلا چەكلىنىشنى بىلدۈرىدۇ.

**پاراغەت** ــ ① كىشى ئارام ئالىدىغان ئەھۋال، شارائىت، تىنىچلىق؛ راھەت. ② ئايالىلارنىڭ ئىسمى.

**خىلۋەت** ــ كۆپ كىشى بارمايدىغان ، ئادەملەردىن خالى ، كۆزدىن يىراق ، ھېچكىم كۆرمەيدىغان ، خالى ، چەت ، ياقا .

**پاراكەندە قىلىش** ــــ ① تەرەپ ـ تەرەپكە چۇۋۇش، تىرىپىرەن قىلىۋېتىش، پاتىپاراقلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىش. ② خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلىش، پەرىشانلىق پەيدا قىلىش، دەككە ـ دۈككىگە سېلىش.

**تەشۋىش** ــ قايغۇ، غەم ـ ئەندىشە، ئارامسىزلىق.

**راۋا** ــ ① بىرەر مەسىلىگە، ئىشقا قارىتا يول قويۇلىشى مۇمكىن بولغان؛ ئۇرۇنلۇق، توغرا. ② مۇناسىپ، لايىق، ماس. ③ كۆچمە مەنىسى : تەئەللۇق،

www.kitaphumar.com

تەۋە، مەنسۇپ، خاس.

**مەدەن** ــ يەر ئاستىدىكى تۈرلۈك كان بايلىقلىرى.

**تىرە ئەيلەش** ــ تىرە پىشۇرۇش، پىششىقلاپ ئىشلەش.

**ئالاھازەل** ــ تەخمىنەن، قىياس قىلىنىشىچە، مۆلچەرلىنىشىچە.

**قىياس** ــ ① ئالدىن بىلىنگەن ئەھۋالغا ئاساسەن مەلۇم بولمىغان ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىش، مۆلچەر، پەرەز؛ ② ئوخشاش، تەڭ. ③ كۆز ئالدىدا بولمىغان شەيئىلەرگە نىسبەتەن، ئويلاپ چىقىرىلغان تەسىرات، تەسەۋۋۇر.

**تەنها** ــ يەككە، يالغۇز.

**تەمە** ــ ① باشقىلارنىڭ بىرەر نەرسە ئىنئام قىلىشىنى كۈتۈش، مەنپەئەتكە ئېرىشىشكە ئىنتىلىش. ② ئارزۇ، يىلىنىش، ئۈمىد.

**ئېتەك** ــ ① كېيىمنىڭ ئاستىنقى كەڭ تەرىپى. ② تاغنىڭ تۈز يەرگە يېقىن قىسمى، تاغنىڭ تۆۋەن تەرىپى. ③ كۆچمە مەنىسى: تەۋەلىكىدىكى زېمىن، يەر؛ باغىر.

**ئىختىلاپ** ــ قارىمۇ-قارشىلىق، كېلىشمەسلىك، زىددىيەت، نىزا.

**تەئەددى قىلىش** ــ ئاچچىقلىنىش، دوق قىلىش، ھەيۋە؛ زەھەرخەندىلىك.

**ئىقلىم** ــ ① مەملىكەت؛ يەر يۈزىنىڭ بىر بۆلىكى، قىتئە (بورۇنقىلار يەر شارىنى يەتتە ئىقلىمغا بۆلگەن.) ② مەلۇم رايوننىڭ كۆپ يىللىق ھاۋارايى ئالاھىدىلىكى.

**مەرتىۋە** ــ ① I جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئېرىشكەن ئابروي، ئېتىبار، نوپۇز؛ ئىناۋەت. ② مەنسەپ، ئەمەل. II قېتىم، نۆۋەت، مەرتە.

**شىرنە** ــ ① ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىسى، گۈلى، غولى ياكى بەزى ماددىلار تەركىبىدە بولىدىغان شىرىن سۇيۇقلۇق. ② ھۆل ياكى قۇرۇق مېۋىلەر ۋە بەزى زىرائەتلەردىن قايناتىپ ئېلىنىغان قىيام. ③ مەلۇم نىسبەتتە سۇ ۋە شېكەر بىلەن قىيام بولغۇچە قايناتىپ تەييارلىنىدىغان شىرنىلىك، مۇراببا.

**نەجىس** ــ ئىپلاس، رەزىل؛ ۋەھشىي.

**ھۆر** ــ ① I باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان، ئەركىنلىكى ئۆزىدە بولغان؛ ئازادە، ئەركىن. ② قۇلدارلىق جەمئىيەتتە قۇلدىن باشقا ئاھالىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. II مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە جەننەتتە ياشايدىغان گۈزەل قىز؛ پەرى.

**كەيىپ - ساپا** ــ شاراپخورلۇق، يېيىش-ئىچىش ۋە شۇ قاتارلىقلار بىلەن

كۆڭۈل ئېچىش، ھوزۇر ـ ھالاۋەت.

**خاراب** ـــ ① بۇزۇلغان؛ چېقىلغان؛ بۇزۇلۇپ تاشلانغان؛ ۋەيران، نابۇت. ② مەدەنىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىغان، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان؛ تۇرمۇشى، ھال ـ ئەھۋالى قېيىن.

**تەۋسىيە** ـــ ① بىراۋنى بىرەر ئىشقا لايىق، مۇۋاپىق دەپ كۆرسىتىش. ② مەسلىھەت، تەكلىپ.

**ئۆزرە** ـــ كەچۈرۈم، ئەپۇ، ئۆزرىخاھلىق.

**ئىنئام** ـــ بىرەر تەشكىلات، كوللېكتىپ ياكى شەخس تەرىپىدىن بېرىلگەن سوۋغا؛ ھەدىيە، تارتۇق، مۇكاپات.

## 9. ئولۇغبەگ

**ئاستىرونومىيە** ـــ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئورنى، تارىلىشى، ھەرىكىتى، شەكلى، قۇرۇلمىسى، خىمىيىلىك تەركىبى، فىزىكىلىق ھالىتى ۋە ئۆزگىرىشى، تەرەققى قىلىشى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئاستىرونوم** ـــ ئاستىرونومىيە ئالىمى، مۇتەخەسسىسى.

**چولپان** ـــ ① قۇياش سىستېمىسىدىكى توققۇز چوڭ پىلانېتىنىڭ بىرى بولۇپ يەر شارىغا ئەڭ يېقىن، قۇياشتىن ھىسابلىغاندا ئىككىنچى پىلانېتا زۆھرە، ۋېنېرا ②تەنتەربىيە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە، ئالاھىدە ماھارەت كۆرسىتىش ئارقىلىق داڭ چىقارغان شەخس. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى. ④ يېڭىسار ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**تەرجىمشۇناس** ـــ تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە ئۇنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس.

**جاھالەت** ـــ ئىلىم ـ مەرىپەتتىن مەھرۇم بولغان ھالەت نادانلىق، قالاقلىق.

**مەشئەل** ـــ ① ئۇچىغا كۆيىدىغان بىر نەرسە ئۇرالغان، يورۇتۇش ياكى ئوت يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تاياق. ② يول ۋە نىشاننى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نەمۇنە، ماياك؛

**مەرىپەت** ـــ ① كىشىلەرنىڭ ئاڭ ـ سەزمىنى، بىلىمىنى، مەدەنىيىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەلىم ـ تەربىيە، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش؛ مائارىپ؛ ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئابدۇقادىر جالالىدىن** —— 1964 ـ يىلى قەشقەرنىڭ بەشكېرەم يېزىسىدا تۇغۇلغان. شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، شائىر. 1983 ـ يىلى « قەشقەر گېزىتى » دە شېئىر ئېلان قىلىش بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە « شاراب تۇمۇرى» ، « ئەقىل مېۋىسى ۋە شەيتان» ، « ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى» ، « ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا» قاتارلىق كىتابلىرى ۋە « ئەفلاتون پاراگلىرى » ، « زورۇ ئاستىر شۇنداق دەيدۇ» ، « ھۆكۈمدارلار دەستۇرى » ، « غەربلىكلەر قانداق تەپەككۇر قىلىدۇ » قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان.

**ئۇلۇغبەگ** —— مۇھەممەت تاراغاي ئۇلۇغبەگ تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى، مەشھۇر ئىمپېراتور، ئەمىر تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، 1394 ـ يىلى سولتانىيە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. 1409 ـ يىلى تەختكە چىققان. ئۇلۇغبەگ سالتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان زامانىدا سەمەرقەندىنى ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ، ئەدەبىيات سەنئىتىنىڭ، ھۈنەر ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچىقىغا ئايلانغان. ئۆزى بىر تەرەپتىن دۆلەت باشقۇرسا يەنە بىر تەرەپتىن ئاسترونوم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلۇغ ئىلمىي ئىشلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. رەسەتخانىدا تۈرۈپ كېچە ـ كېچىلەپ يۇلتۇزلارنى كۆزىتىپ 1018 يۇلتۇزنىڭ ھالىتى ۋە ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلغان. 1437 ـ يىلى « يېڭى ئاسترونومىيلىك جەدۋەل» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى پۈتتۈرگەن. بىر يىلنى 365 كۈن ئالتە سائەت 10 مىنۇت سەككىز سىكونت قىلىپ بەلگىلىگەن. ئۇ ھازىرقى زامان ئۆلچىمىدىكى كالىنداردىن پەقەتلا بىر مىنۇت پەرق بولغان. ئۇ ئىدىيىسى ئىلغار پادىشاھ بولۇپ ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن باراۋەرلىكىنى ئۇلارنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشىنى ھىمايە قىلغان. « تۆت ئۇلۇس تارىخى » ناملىق بىر تارىخى كىتابنىمۇ يازغان.

ئۇلۇغبەگنىڭ ئىلغار ئىدىيىسى ۋە ئىلمىي قاراشلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى روھانىيەت كۈچلىرىنى ئالاقىزادە قىلىۋەتكەچكە ئۇلار تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇلۇغبەگنىڭ تەخت تەمەسى كۈچلۈك، قارا نىيەت ئوغلى ئابدۇلتىپنى ئىشقا سېلىپ ئۇنىڭ قولى بىلەن 1449 ـ يىلى 27 ـ ئۆكتەبىردە ئۇلۇغبەگنى 55 يېشىدا پاجىئەلىك رەۋىشتە ئۆلتۈرگۈزگەن.

**ئوتتۇرا ئاسىيا** —— ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن يىراق بولغان مەركىزى قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

**كەنجى ئويغىنىش دەۋرى** — تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان، ئىران، ئەرەبىستان، مىسىر قاتارلىق جايلاردا يەنە بىر قېتىملىق مەدەنىيەت

ئالماشتۇرۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. نەتىجىدە سەمەرقەنت، ھىراتنى مەركەز قىلغان يەنە بىر مەدەنىيەت كۆرشى مەيدانغا چىقتى. پەن ئالىملىرى بۇنى «كەنجى ئويغىنىش» دەپ ئاتىدى.

**رەسەتخانا** ــ مەخسۇس ئەسۋابلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاسمان جىسىملىرى، يەر تەۋرەش ۋە ھاۋارايى قاتارلىق ھەر خىل ھادىسىلەرنى كۆرسىتىدىغان ئۇرۇن، ئىستانسا.

**مەدرىسە** ــ ئىسلام دىنى بويىچە ئىلىم ھاسىل قىلىدىغان ئالى مەكتەپ، بىلىم ئېلىش ئورنى.

**قەتىل قىلىنىش** ــ ئۆلتۈرۈلۈش، قىرغىن قىلىنىش.

**چۆكۈش** ــ ① ھۆجەيرىدىن باشقا ماددىلارنىڭ ئورگانىزىم توقۇلمىلىرىغا سىڭىپ يىغىلىپ قېلىش. ② يەر يۈزىدىكى يىمىرىلىش مەھسۇلاتلىرى، ئورگانىك ماددىلار ۋە بەزى يانار تاغ ماددىلىرى تاشقى كۈچنىڭ تەسىرىدە ئەسلى ئورنىدىن باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى ياكى فىزىكىلىق، خىمىيىلىك تەسىرلەر تۈپەيلىدىن ئاستىغا چۆكۈپ دۆۋىلىنىپ قالىدىغان بىر خىل ھادىسە. ③ ئۆي ـ ئىمارەتلەر ئۆلىنىڭ ئۆز ئېغىرلىقى تۈپەيلىدىن يەرگە ئولتۇرۇپ كېتىشى.

**دۆلەتپاناھ** ــ ئۆز دۆلىتى، ئۆز زېمىنىنى ھىمايە قىلغۇچى، قوغدىغۇچى.

**مىرزا** ــ ① پۈتۈكچى، كاتىپ. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**كۆراگان** ــ پادىشاھ ئەۋلادى، خان ئەۋلادى.

**كۆيلەش** ــ ① بىرەر ئادەم ياكى نەرسە قاتارلىقلارنى ناخشا قوشاقلار بىلەن تەرىپلىمەك. ② يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ چىشىللىرى تۇخۇم يېتىلىشىنىڭ ھارپىسىدا فىزىئولوگىيە جەھەتتىن چېتىشىشنى تەلەپ قىلماق.

**جەم قىلىش** ــ يىغىش، توپلاش، بىر يەرگە كەلتۈرۈش؛

**سەمەرقەنت** ــ ئۆزبېكىستاندا جايلاشقان، تارىخى، مەدەنىيەتلىك قەدىمى شەھەرلەرنىڭ بىرى.

**كۆكساراي** ــ پادىشاھ ئولۇغبەگنىڭ ئوردىسى ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ خىزمەت قىلىدىغان ئورنى.

**بېشارەت** ــ ① ئالدىن بېرىلگەن خەۋەر، بەلگە، ئۇچۇر. ② ئىپادە، ئىنكاس، ئىشارەت.

**مېيىقىدا كۈلۈش** ــ ئېغىزىنىڭ بىر بۇرجىكىدە كۈلۈش.

www.kitaphumar.com

**مەغرۇر** ــ ئۆزىنى ئەركىن، ئۈستۈن تۇتىدىغان، روھى كەيپىياتى ئۈستۈن، غۇرۇرى بار؛ كىبىرلىك، تەكەببۇرلۇق.
**چار ساقال** ــ ئاق بىلەن قارا ئارىلاشقان، ئاق كىرگەن، ئاق باسقان .
**دىرەك بېرىش** ــ بىر يەردىن بىر كىم ياكى بىرەر نەرسە توغرىسىدا ئۇچۇرغا ئىگە بولۇش، خەۋەر بېرىش. ② بىرەر نەرسىدىن دالالەت بېرىدىغان ئالامەت، بەلگە نىشانە.
**تۆمۈرىيلەر** ــ چىڭگىزخان نەسلىدىن بولغان تۈرك ئىمپېراتۇرى ئەمىر تۆمۈر خان جەمەتىدىكىلەرنى كۆرسىتىدۇ.
**قامەتى** ــ ئادەم بەدىنىنىڭ تاشقى قۇرۇلمىسى، بەستى، بوي ـ تۇرقى.
**ئۇپۇق** ــ ئاسمان بىلەن يەر ياكى سۇ يۈزىنىڭ كۆز يەتكۈدەك يىراقلىقتا تۇتاشقاندەك كۆرۈنىدىغان قىسمى.
**مەيلىنى تارتىش** ــ بىرەر ئىشقا بولغان قىززىقىشى، ھەۋىسىنى پەيدا قىلىش، ياخشى كۆرۈش ھىسسىياتىنى پەيدا قىلىش، تەلپۈنۈش ھىسسىياتى قوزغىتىش؛ خالاش .
**سالاپەت** ــ ھەيۋەتلىك، مەغرۇر، تاشقى كۆرۈنۈش؛ سۆلەت.
**قىر** ــ ① بىرەر نەرسىنىڭ قىرغىقى، يېنى ياقىسى، گىرۋىكى. ② كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىك، دالا. ③ دېھقانچىلىقتا ئېتىزلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىش ۋە سۇغىرىش ئۈچۈن تۈپىدىن سېلىنغان توسما؛ تىرگەن . ④ كۆزنىڭ كىرپىك ئۈرۈنلاشقان جايى .
**كائىنات** ــ يەر شارى ۋە باشقا بارلىق ئاسمان جىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چەكسىز بوشلۇق؛ ئالەم .
**ھەشەمەتلىك** ــ ھەشەمەتى بار، داغدۇغىسى كۆچلۈك، دەبدەبىلىك، سۆلەتلىك؛ كۆركەم ھەيۋەتلىك.
**ئافراسىياب** ــ تۈركىي مىللەتلەرنىڭ پادىشاھى بولۇپ ئۇ يەنە ئالىپ ئەرتۇڭا دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
**خەندەك** ــ ① دۈشمەننىڭ ئۆتەلمەسلىكى ئۈچۈن قېزىلغان چوڭ ۋە ئۇزۇن چوڭقۇرلۇق. ② بىرەر نەرسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ساقلاش قاتارلىقلار ئۈچۈن كولانغان ئۇزۇن چوڭقۇرلۇق.
**گۈمبەز** ــ قۇببە يەنى قازان شەكلىدە ياسالغان قۇرۇلما، قۇببە تەقلىدىدىكى نەرسە.
**مۇنار** ــ بىرەر ئىمارەتكە قوشۇپ ياكى ئالاھىدە قۇرۇلغان تۇرخۇن شەكلىدىكى

ئېگىز قۇرلۇش.

**سەلتەنەت** ــــ ① خان، ئەمىر، پادىشاھلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە شۇنداق ھۆكۈمرانلارنىڭ قول ئاستىدىكى دۆلەت ياكى ئۇلارغا يۈرگۈزگەن ھاكىمىيەت. ② ھەيۋەت، سۈر ـ داغدۇغا، تەنتەنە، ھەشەمەت. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**كۇنگۇرە** ــــ سېپىل ۋە بەزى تاملارنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ئۈچ ياكى تۆت بۇرجەكلىك قىلىپ قويۇلغان تۇشۇك.

**مەدەنىيەت** ــــ ① ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەت تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا ياراتقان ماددى ۋە مەنىۋي بايلىقلىرى، ئۇتۇقلىرى. ئادەتتە كۆپرەك مەنىۋي بايلىقلارنى يەنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مائارىپ، ئىلىم ـ پەن قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ② بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇپپا، سىنىپ ياكى خەلقنىڭ مەلۇم دەۋردە قولغا كەلتۈرۈلگەن شۇنداق ئۇتۇقلارنىڭ دەرىجىسى. ③ ئوخشاش بىر تارىخى دەۋردە تارقىلىش نوقتىسىنىڭ يۆتكىلىشىگە قارىماستىن ساقلىنىپ قالغان خارابە ئىزلىرى ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ يىغىندىسى. ④ يېزىق ئىشلىتىش قابىلىيىتى، ئومۇمى ساۋات؛ تەلىم ـ تەربىيە كۆرگەنلىك؛ زىيالىيلىق، مەرىپەت؛

**رىيازەت** ــ جاپا ـ مۇشاققەت، قىينىچىلىق، ئازاپ ـ ئوقۇبەت، ئازاب.

**بىجىرىم** ــــ ① بۇزۇلمىغان، تازا، ساق. ② باشقا نەرسە ئارىلاشمىغان، ئەينى، تەبىئىي، ساپ. ③ نوقسانسىز، ساغلام، پاك. ④ راۋرۇس، مەزمۇت.

**سۆلەت** ــ كۆركەم تاشقى قىياپەت، سالاپەتلىك كۆرۈنۈش، كۆرك.

**سەييارە** ــ ① مۇقىم تۇرار جايى يوق ياكى بىر جايدىن بىر جايغا كۆچۈپ يۈرۈپ ئىش ئېلىپ بارىدىغان خىزمەت قىلىدىغان، ئۆتكۈزىلىدىغان ياكى كىزىپ يۈرىدىغان. ② چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ئېللىپىس شەكلىدىكى ئوربىتىلاردا قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان ئاسمان جىسىملىرى. ئۇلار ئۆزلىرى نۇر چىقارماي پەقەت كۈن نۇرىنى قايتۇرىدۇ. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ھېكمەت** ــ ① ھەددىدىن زىيادە دانالىق، دانىشمەنلىك ، ئەقىل ـ ئىدىراك . ② بىلىش ، چۈشىنىش قىيىن بولغان يوشۇرۇن، چوڭقۇر مەنا، يوشۇرۇن سىر؛ مۆجىزە . ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى .

**زەي** ــــ سۇ ئۇرنىڭ يۇقىرى بولۇشى، ھۆل ـ يېغىنىنىڭ كۆپ بولۇشى سەۋەبىدىن تۇپراقنىڭ نەملىكى ئېشىپ كېتىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىدۇ .

**سايىۋەن** ــ ① كۈن نۇرى ياكى يامغۇردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئۈستىگە كۇنلۇكسىمان رەخت تۇتۇلغان قۇرۇلما. ② كۆچمە : باشپاناھ، ھامىي، خەيرىخاھ

www.kitaphumar.com

.

**خــار ــــ** ① ئـتـبـارغـا ئېلـىـنمـايـدىغان، ئەزىــز ئەمەس، كـەمـســتـىلـگەن. ② قـىـمـمـتى يـوق قەدىرسىـز . ③ (خـا ) ئـۆي ئۆگـزىســگە سـېلـىـنغان جەگـىـلەرنـى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئـىككى ئۇچى تامـنىڭ بېشىغا قۇيۇلـىدىغان چوڭ لـىم ياغاچ .

**ئۇيـۇق ــــ** ① تۇرلـۇك نەرسە كـىرەكـلەرنـى قـۇيـۇش ئۈچـۈن ئـۆي ۋە هـويلا تاملـىرنى ئۇيۇش ياكى ئۆي تاملـىرىغا يـولەپ مەلـۇم ئـىگـىـزلـىكتە تـام قوپـۇرۇش يولى بىلەن چىقىرىلغان جاي، تەكـچە . ② قاشتېشـى ئـېلـىش ئۈچـۈن ئەتراپىنـى كولاپ بۆشـتـىلغان بوشلـۇق .

**تۈگـۈن ــــ** ① ئارغامچا، يىپ، لـىنتا، تاسما قاتارلىقلارنـىڭ بـاغلاپ ئۇلانغـان ياكى سىرتماق قـىلـىپ ئۇلانغان جايى. ② باغلاپ، ئۇلاپ، ئۇرالغان نەرسە؛ بوخچا، باغ. ③ يىغىش، تورۇشتىن هاسىل بولغان، تومپىيىپ چىققان جاي. ④ ئاساسى يول ۋە لـىنـىيـلەرنـىڭ تۇتاشـقان ئېغـىزى. ⑤ ۋەقە، هادىسـە، ئـىش ـ پائالـىيەت قاتارلـىقلارنىڭ گىرەلەشكەن، يېشىلـىدىغان مۇهىم نوقتىسى. ⑥ بەدىئىي ئەسەردىكى ئاساسـى ۋەقەنــىڭ باشـلـىنـىش نوقتـىســى. ⑦ كــۆچـمە: كۆڭـۇلــدە ســاقلانغان ، يېشـىلـمىگەن، گۇمانلـىق، سىرلـىق ئەهۋال. ⑧ بىرلـىككە كەلگەن پىكىر .

**مــش ـ مــش ــــ** كـىمنـىــڭ ئـېـيتقـانلـىقى، راســت ـ يالغـانلـىقى ئـىنىــق بولمىغان گەپ ـ سۆز.

**ئېدىر ــــ** تەكشـىلـىككە نىسبەتەن ئېگىز يەر، تۆپىلىك، ئېگىزلىك.

**ئىمارەت ــــ** ئولتۇرۇش، ئىشلەش ئۈچۈن مەخسۇس سېلىنغان قۇرلۇش، چوڭ ئۆي، بىنا.

**ئىللەت ــــ** ① بەدەندىكى دەرت، كېسەللىك، كەمتۈكلۈك، ئاغرىق. ② بىرەر ئىشقا سەۋەپ بولغان كەمچىللىك، ئەيىپ، نوقسان.

**زەبۇنلۇق ــــ** زەيىپلىك، نىمجانلىق، ۋەيرانچىلىق، مۇشكۇللۇك.

**ئاۋام ــــ** ① ئامىۋى، ئومۇمىي ② ئاددىي خەلق، ئاما، پۇقرا.

**پىتنە ـ پاسات ــــ** يالغان ياۋىداق سۆز.

**قوليازما ــــ** بىرەر ئەسەرنىڭ قول بىلەن يېزىلغان ئەسلى نۇسخىسى، ئورگىنالى.

**مەھمۇد كاشغەري ــــ** دۇنيا تۈركلوگىيە ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى. IX ئەسىردە ياشاپ ۋە ئىجاد قىلىپ ئۆتكەن مەملىكىتىمىزنىڭ مەشھۇر ئېنسىكلوپېدىك ئالىمى ۋە دۇنيا ئېتىراپ قىلغان تىلشۇناس مەھمۇد بىننى يۈسەيىن كاشغەري تەخمىنەن 1008 ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ

www.kitaphumar.com

پايتەختى قەشقەرگە تەۋە ئۇپا يېزىسىنىڭ ئازىخ كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1058 ـ يىلى يۇرتىدىن ئايرىلىپ تۈركىي خەلقلەر ياشاۋاتقان نۇرغۇنلىغان شەھەرلەرنى، يېزا ـ قىشلاقلارنى، بىپايان يايلاق ۋە دالا ـ قىرلارنى ئارىلاپ 15 يىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياسمىل، ياغما، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىلى ۋە ئۇنىڭ پەرقلىرىنى، ئېتنوگرافىيىسىنى، تارىخىنى، جۇغراپىيىلىك جايلىشىشىنى، مەدەنىيىتىنى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقىپ، « تۈركىي تىللار دىۋانى » نى يازغان. ئۇ 1105 ـ يىلى ئەتراپىدا ئۆز ئانا يۇرتى ئۇپالدا تەخمىنەن 97 يېشىدا ۋاپات بولغان.

**يۈسۈپ خاس ھاجىپ** ــــ بۈيۈك مۇتەپەككۇر، ئۇلۇغ پەيلاسوپ، ئالىم ۋە شائىر، مەشھۇر دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قاراخانىيلار پايتەختلىرىدىن بىرى بولغان بالاساغۇن شەھىرىدە تۇغۇلغان ۋە قەشقەردە ياشاپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ مىلادىيە 1018 ـ يىلى ( ياكى 1019 ـ يىلى) تۇغۇلغان 50 ياشلاردىن ئاشقاندا « قۇتادغۇبىلىك » داستانىنى تاماملاپ ئۇنى قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى تاۋغاچ بۇغرا قارا خان ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سۇلايمانغا تەقدىم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ھەسەن بۇغرا خان مۇئەللىپكە خاس ھاجىپلىق ئۇنۋانى بەرگەن. « قۇتادغۇبىلىك » دېگەن سۆز ـ بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. « قۇتادغۇبىلىك » 13 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق چوڭ ھەجىمدىكى دىداكتىك داستان بولۇپ ئۇنىڭدا ئاپتور ئاساسەن دۆلەتنى باشقۇرۇش يوللىرى ۋە ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى ئەخلاقى قاراشلىرىنى ئۆزىگە خاس بىر خىل بەدىئىي ئۇسۇلدا يەنى سىمۋوللۇق ئوبرازلار ۋاستىسىدە كۆركەم ئەدەبىي تىل بىلەن بايان قىلىنغان.

**سەھىپە** ــــ ① كىتاب، گېزىت، ژورنال ۋاراقلىرىنىڭ ھەر بىر يۈزى، بېتى. ② كۆچمە مەنىسى : ئۆزۈن داۋاملاشقان ياكى داۋاملىشىدىغان ھادىسە، ھايات قاتارلىقلارنىڭ ئايرىم دەۋرى، قىسمى.

**قۇشچى** ــــ ئوۋ قۇشلىرىنى باقىدىغان ۋە ئوۋ قۇشلىرى بىلەن ئوۋ ئوۋلايدىغان كىشى.

**خۇپىيانە** ــــ باشقىلارغا بىلىندۇرمەستىن، يوشۇرۇن ھالدا، يوشۇرۇنچە.

**تەئەججۈپلەنمەك** ــــ تەئەججۈپتە قالماق، ھەيران قالماق، ئەجەبلەنمەك.

**بەنت بولۇش** ــــ ① بىرەر ئىش ـ پائالىيەت بىلەن مەشغۇل بولۇش، بوش

ئەمەس . ② باغلانغان، مويتىلا بولغان. ③ باغلاق، تۇزاق، قاپقان. ④ ئەسىرلىك، تۇتقۇنلۇق ھالىتى. ⑤ بىكىتىلىگەن مىخلانغان جاي. ⑥ بىر نەرسىگە بىرىلگەن مەپتۇنلۇق.

**غۇرۇر** — ① كىشىنىڭ ئۆز قەدىر قىممىتىنى بىلىش ھىسسى، ئىززىتى نەپسى. ② كىشىلەرنىڭ بىر نەرسىدىن مەمنۇن بولۇش ھىسسىياتى؛ پەخىر، ئىپتىخارى. ③ كىشلەرنىڭ پەخىرلىنىشكە ئاساس بولىدىغان نەرسە.

**ئۆرتىنىش** — ① كۆيدۇرۇش. ② كۆچمە : دەرت ـ ئەلەم بىلەن قىينىماق، ئازاپلىماق .

**سۇرلۇك** — ① قۇرقۇنۇچلۇق، ۋەھىملىك. ② سۇرى بار، سالاپەتلىك.

**ھۇزۇر** — ① راھەت ـ پاراغەت، ئارام، لەززەت، تىنىچلىق، خاتىرجەملىك. ② بىرەر كىشىنىڭ قېشىدا، يېنىدا كۆز ئالدىدا بولۇش؛ قاتنىشىش، تەشرىپ قىلىش .

**زىكىرى قىلىش** — ① ئەسلەش، خاتىرلەش، سۆزلەش، تىلغا ئېلىش. ② مۇسۇلمانلارنىڭ بىر كىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھالقا شەكىللىك يۇملاق بولۇپ ئولتۇرۇپ، خۇدانىڭ ياكى ئۆتكەن ئەۋلىيالارنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تەسۋى سىرىپ، دۇئا ـ تەگبىر ئوقۇپ ئۆتكۈزىدىغان مۇراسىمى.

**كەيىپ ـ ساپا** — شاراپخورلۇق، يېيىش ـ ئىچىش ۋە شۇقاتارلىقلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىش، ھۇزۇر ھالاۋەت.

**زەر** — ① ئالتۇن . ② ئالتۇن بىلەن ھەل بىرىلگەن، ئالتۇن سۇيى بىلەن سۇغىرىلغان، ئالتۇن رەڭگىدىكى.

**ھەزرەت** — ① كۆپىنچە « ھەزرەتلىرى» شەكلىدە ئۇلۇغلاش، ھۆرمەتلەش دېگەن مەنىدە كىلىدۇ. ② ھۆرمەت يۇزىسىدىن بەزى شەخسلەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ تەخەللۇس ئورنىدا قوللىنىلىنىدۇ. ③ قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى ئاپئاق خوجا مازىرى جايلاشقان يېزىنىڭ نامى.

**ساراي** — ① خان ـ پادىشاھلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى، ئائىلە جەمەتى تۇرغان ھەمدە تۇرلۇك مەقسەتلەر ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان ھەر خىل خانىلەر، زاللار ۋە ھويلىلاردىن تەشكىل تاپقان ھەشەمەتلىك جاي؛ ② ئىجتىمائى مەقسەتلەر ئۇچۇن سېلىنغان ۋە جاھازلانغان ياكى نەنتەربىيە ياكى ھەر خىل مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى سودا ئىشلىرى بولۇپ تۇرىدىغان جاي، زال، بىنا؛ ③ يۇلۇچى ۋە سودىگەرلەر قونىدىغان ياتاق، ھويلىسى ۋە ئېغىلىسى بار مېھمانخانا، دەڭ؛ ④ مەخسۇس مېھمانلار ئۇچۇن سېلىنغان ياكى تەييارلانغان

چوڭراق ئۆي، مېھمانخانا. ⑤ ئامبار، ئىسكىلات.

**تۆرۈكمەن** ــ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە مۇشۇ مىللەتكە مەنسۇپ بولغان كىشى. ئۇلار ئاساسەن تۈرۈكمەنىستان جۇمھۇرىيىتىگە، ئازراق قىسمى ئىران ۋە ئافغانىستان، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئولتۇراقلاشقان.

**غىلاپ** ــ قورال- ياراغ ۋە تىغلىق ئەسۋاپلارنى سېلىش ئۈچۈن شۇ نەرسە شەكلىدە تىكىلگەن قاپ، قىن.

**دىۋان** ــ ① شېئىرلار توپلىمى، توپلام. ② ساپا. ③ خان، پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەتنىڭ باش مەھكىمىسى؛ ئوردا. ④ خان، پادىشاھلار تۇرىدىغان جاي؛ ئۆي، خانا.

**تۇس** ــ ① رەڭ، بوياقلارنىڭ بىر- بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئايرىم تۈرى، رەڭ. ② تاشقى كۆرۈنۈش، قىياپەت، تەقى- تۇرقى. ③ خاراكتېر. ④ پېئىلدا ئىپادىلىنىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەلەرنىڭ بىرى. بىر قەدەر كۆپرەك ئۇچرايدىغان تۇسلەردىن ئىزچىل تۇس، ئىمكان تۇس ، چەكلىمىسىز تۇس، سىناق تۇس، تەمشەلمە تۇس قاتارلىقلار بار .

**ئەلەم** ــ ① شەرىئەت يولى بىلەن چىقىرىلغان پەتىۋانى تەستىقلايدىغان ياكى رەت قىلىدىغان دىنىي زات، باش موپتى، دىنىي ئۆلىما. ② جىسمانىي ئازاپ، ئاغرىق. ③ روھىي ئازاپ، دەرت- ھەسرەت. ④ قەسىت، ئۆچ، قىساس . ⑤ بايراق ، توغ . ⑥ مازارلارنى تاۋاپ قىلغۇچىلار تەرىپىدىن شۇ مازارلارغا ئېسىلغان لاتا.

**خانە** ــ ① ئۆي ياكى بىر پۈتۈن بىنانىڭ تام بىلەن بۆلۈنگەن ھەر بىر قىسمى بۆلۈم. ② تۇرالغۇ جاي، ئائىلە، ئۆي. ③ سانلارنىڭ تۇرۇش ئورنى.

**باغدات** ــ ئىراقنىڭ پايتەختى بولۇپ، تارىخى ئۇزۇن، قەدىمى مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنىڭ بىرى.

**قاھىرە** ــ مىسىرنىڭ پايتەختى، نىل دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان بولۇپ، دۇنيادىكى قەدىمقى مەدەنىيەت بۇشۇكلىرىنىڭ بىرى. تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيەتلىك قەدىمى شەھەرلەرنىڭ بىرى.

**قاپقاق** ــ ① كەڭ ئېغىزلىق نەرسىلەرنىڭ ئېغىزىنى يېپىش ئۈچۈن ياسالغان ياپقۇچ. ② دەرىزە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ سىرتىنى يېپىش ئۈچۈن ئۇرۇنلاشتۇرۇلىدىغان قانات، ياپقۇچ. ③ تومۇ، چوشۇرگە ۋە باشلام ئېغىزلىرىدا سۇنىڭ ئاز- كۆپ ئېقىشىنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ياغاچ، سېمونت قاتارلىقلاردىن مەخسۇس ياسىلىدىغان قۇرۇلما؛ قاپقا، تاقاق. ④ ئادەم ياكى

ئۇمۇرتقىلىق هايۋانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئىچىدىكى ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ تۇرىدىغان پەردىسىمان توقۇلما.
**خەزىنە** ــ ① پۇل، ئالتۇن ـ كۈمۈش، تىللار ۋە باشقا قىممەت باھالىق بۇيۇملار ساقلىنىدىغان مەخسۇس جاي ، ئامبار. ② بىرەر شەخس، تەشكىلات ياكى دۆلەت ئىختىيارىدىكى قىممەت باھالىق بويۇملار: مەبلەغ؛ بايلىق. ③ كۆچمە : مەدەنىي، مەنىۋى بايلىقلار .
**ئەۋج ئېلىش** ــ ① كۆچىيىش، زورىيىش، يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈش. ② يۇقىرى پەللە .
**تاپلاش** ــــ بىرەر ئىش ياكى بىرەر مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى، بىجىرىلىشى، ساقلىنىشى قاتارلىقلارنى بىر كىمگە تاپشۇرماق؛ جىكىلىمەك .
**پۇشتى** ــ ① ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ ئۇرۇقى ياكى تۇخۇمىدا بولىدىغان، مەلۇم شارائىتتا راۋاجلىنىپ تۇرەلمىگە ئايلىنىدىغان، ئۆز راۋاجلىنىشىنىڭ باشلانغۇچ باسقۇچىتىكى ھۇجەيرىسى. ② ھەر قانداق بىر ئائىلىنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئەجدادى ۋە كېيىنكى ئەۋلادى، نەسلى.
**زەردە** ــــ ① ئاشقازاندىكى ئۆت سۇيۇقلۇقى، سەپرا. ② كۆچمە: كۈچلۈك غەزەپ ـ نەپرەت، ئاچچىق.
**تەسۋى** ــ خۇدانىڭ نامىنى زىكرى قىلىپ سانىلىدىغان مارجان تاش ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەردىن قىلىنغان تىزىقچە.
**شەرىئەت** ــ ① مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان ئاساسىدا تۈزۈلگەن دىنىي ئىشلار، جىنايى ئىشلار ۋە پۇخرالىق ھوقۇقى قاتارلىقلارغا ئائىت قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ چوغلانمىسى ، ئىسلام دىنىي قانۇنى . ② دەۋا ـ دەستۇر ئىشلىرىنى دىنىي يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىغان ئورۇن ، قازىيخانا؛ سوت مەھكىمىسى .
**تايماق** ــ ① سىلىق، تېيىلغاق يەردە سىيرىلىپ، تېيىلىپ كەتمەك . ② كۆچمە : يېنىۋالماق، قايتماق، يالتايماق. ③ ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتمەك، چېقىپ كەتمەك.
**تەكەببۇر** ــ ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، كىبىرلىك.
**تەكەللۇپ** ــ كىشىلەرگە ھۆرمەت ـ ئىھتىرام بىلەن قىلىنغان مۇئامىلە.
**ئاداشماق** ــــ ① نىشان، يول، ھېساب، پىكىر، سۆز، خىيال، ئەقىل قاتارلىقلاردىن ئازماق. ② سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەك، خاتالاشماق، يولدىن چىقماق.
**ئۆلىما** ــــ ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق تەلىماتلىرىنى بىلىدىغان، دىنىي جەھەتتە يۇقىرى بىلىمگە ئىگە بولغان كىشى؛ دىنىي ئالىم .

**روھ** ــــ ① دىننىي چۈشەنچىلەرگە ئاساسەن كىشى ھايات ۋاقتىدا تەندە بولىدىغان، ۋاپات بولغاندىن كېيىن تەندىن چىقىپ مەڭگۈ ياشايدىغان بىر خىل غەيرىي تەبىئىي ئامىل. ② ئىدىيە، ئوي ـ پىكىر. ③ كىشىنىڭ ئىچكى ھالىتىنى، پسىخىكىسىنى، ھىس ـ تۇيغۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كەيپىيات. ④ جانلىقلىق، جانلىنىش، پەيز. ⑤ ئىش ـ ھەرىكەت ۋەقە ـ ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ خاراكتېرلىك خۇسۇسىيىتى. ⑥ بىرەر يېغىن قۇرۇلتاي، ھۆججەت، يولىيورۇق ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئاساسى مەزمۇنى ياكى ئىدىيىسى.

**ئەلپاز** ــــ ھالەت، قىياپەت، تۇرق، ئەپت.

**خانىقا** ــــ ① ئىشان، سوپىلارنىڭ توپلىشىپ بىرلىكتە زىكرىغا چۈشىدىغان زىكرى ـ ئىبادەت قىلىدىغان خانىسى، ئورنى. ② بىر قېتىمدا كۆپرەك ئادەم ناماز ئوقۇشقا بولىدىغان قىلىپ سېلىنغان چوڭ مەسچىت، جامە. ③ چوڭ مەسچىتلەرنىڭ ناماز ئوقۇلىدىغان، ئادەتتە كەڭ ۋە كاتتا بولىدىغان گۈمبەزلىك خانىسى.

**سوپى** ــــ ① ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە سوپىزم يولىنى تۇتقان كىشى. ② ياخشى ـ يامان ئىشلاردىن قول ئۈزگەن، گۇناھ بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن توختاتقان.

**ئىشان** ــــ ① ئىسلام دىنىنىڭ سوپى مەزھىپىگە مەنسۇپ دىننىي ئۆلىما، تەرغىباتچى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**پانىي دۇنيا** ــــ بۇ دۇنيا، تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان، ۋاقىتلىق، ئۆتكۈنچى، ئامانەت.

**تەقۋا** ــــ ئۆزىنى يامان ئىشلاردىن يىراق تۇتۇپ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان پەرھىزكار، خۇداگۈي، دىندار.

**تەرك ئېتىش** ــــ تاشلاش، كېچىپ كېتىش.

**ھەمدۇسانا** ــــ تەڭرى، پەيغەمبەرلەر ياكى باشقىلارنىڭ شەنىگە ئېيتىلىدىغان ھەدىيە، ئالقىش سۆزلىرى، رەھمەت ـ تەشەككۇر.

**شۈركىنىش** ــــ جۇغۇلداپ تىترەش، ئەندىكىش، ئىچىدە سىلكىنىپ تەۋرىنىش، سەسكىنىش.

**مۇرىت** ــــ ① بىرەر روھانىي، ئۇستاز، پىر، ئىشان قاتارلىق تۇنۇلغان كىشىلەرگە قول بەرگەن، ئەگەشكەن كىشى ياكى ئۇنىڭ شاگىرتى، مۇخلىسى، تالىپى. ② مەلۇم بىر دىن، مەسلەك، گۇرۇھ، ئېقىم قاتارلىقلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان، ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولغان، ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشى.

www.kitaphumar.com

**سارايۋەن** ــ يولۇچىلار چۈشىدىغان ساراينىڭ ئىگىسى.
**قەندىل** ــ بىر نەچچە تال شام ئورنىتىلغان ئاسما، شامدان ياكى بىر قانچە لامپۇچكا ئورنىتىلغان ئاسما چىراغ ياكى جازا.
**قەسىر** ــ ① پادىشاھلار، خانلار ياكى فېئوداللارنىڭ ھەشەمەتلىك سارىيى.
② قەلئە، قورغان. ③ ئومۇمەن ھەشەمەتلىك ساراي، كاتتا ئۆي ـ بىنا.
**تۆھمەت** ــ باشقىلارنى قارىلاش، ئەيىبلەش، قەستلەش مەقسىتىدە ئويلاپ چىقىرىلغان ئاساسسىز گەپ ـ سۆز، بەدنام، بۆھتان، پال.
**پوزۇر** ــ چىرايلىق، سۆلەتلىك، مەدەنىي.
**مەھرەم** ــ ① پادىشاھنىڭ ئوردا، سارايلىرىدا ھەم ئەمەلدارلارنىڭ يېنىدا ھەر خىل خىزمەتلەرنى قىلىدىغان خىزمەتكار. ② مۇھاپىزەت خادىمى. ③ ئەر ياكى خوتۇننىڭ شەرىئەت بۇيىچە بىر ـ بىرىنى كۆرۈش مۇمكىن بولغان ئەمما نىكاھ راۋا بولمايدىغان قېرىندىشى.
**ئەمىر** ــ خان، پادىشاھ، باش سەركەردە.
**بەگ** ــ ① بۇرۇنقى مەنسۇپ ئەمەل ۋە شۇنداق ئەمەل ئالغان كىشى؛ ② مۇراجەت ۋە ھۆرمەت سۆزى. ③ كىشى ئىسىملىرىنىڭ كەينىگە كېلىپ ھۆرمەت نامىنى بىلدۈرىدۇ.
**زەرباپ** ــ زەر يىپ قوشۇپ توقۇلغان ياكى ئالتۇن ھەل بىرىلگەنگە ئوخشاش كۆرۈنىدىغان يىپەكتىن توقۇلىدىغان رەخت.
**تون** ــ I① تاۋۇشنىڭ ئېگىز ياكى پەسلىكى. ② خەنزۇ يېزىقىدىكى ھەر بىر خەتنىڭ ئوقۇلىشىدىكى ئاھاڭنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكى. II ئالدى ئۇچۇق، تۆز ياقىلىق ئوزۇن سىرتقى كىيىم.
**زەخمەت** ــ ئازاپ، كۈلپەت، مۇشاققەت.
**بەربات** ــ خاراب، ۋەيران، سورۇلغان، بۇزۇلغان، تۇگەشكەن.
**تەئەللۇق** ــ ① تەۋە، مەنسۇپ، ئىگىدارچىلىقىدا، قاراشلىق. ② بىر كىمگە مەنسۇپ، تەۋە بولغان مال ـ مۈلۈك، نەرسە ـ كېرەك.
**كۆن** ــ ئەيلەنگەن، پىششىقلانغان تېرە، يەرلىك چىگرىن.
**پەلەك** ــ ① يەردىن گۈمبەز، قازان شەكلىدە بولۇپ كۆرۈنىدىغان ھاۋا بوشلۇقى، ئاسمان، كۆك. ② تەقدىر قىسمەت.
**خۇراپات** ــ ئاساسسىز، ئىلمىيلىكى يوق، ساختا سۆز ۋە مۇشۇ ئاساستىكى ئېتىقاد، بۇنىڭدىن شەكىللەنگەن خىلمۇ ـ خىل كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەر.
**تۇتقۇن** ــ ① تۇتۇلغان، قامالغان، ئۆز ئەركىدىن، ئىختىيارلىقىدىن مەھرۇم

قىلىنغان. ② بىرەر نەرسىگە ياكى كىشىگە بىرىلىپ كەتكەن، مەپتۇن بولغان، بەند قىلىنغان. ③ قولغا ئېلىش، تۇتۇش، قاماش ئىشلىرى. ④ سۇلاق، قاماق.

**ياساۋۇل** — بۇرۇنقى خان، پادىشاھ دەۋرىدە يۇقىرى مەنسەپتىكى ئەمەلدارلارغا خىزمەت قىلىدىغان قۇراللىق خادىم، ساقچى.

**شەيىخ** — ① ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى بىلىملىك كىشىلەر، ئالىملار، ئۆلىمالارۋە دىنىي ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇدەررىسلىرىگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان. ② تەرىقەت خانىقاسىنىڭ باش دەرۋىشى. ③ زىيارەتگاھ قاتارلىقلاردا ئەۋلىيالارغا، خۇدا يولىغا ئاتالغان سەدىقە ۋە نەزىر- نىيازلار ھېسابىغا ياشايدىغان كىشى، مازارغا قارىغۇچى. ④ تەييار، بىكار تاماققا ئادەتلەنگەن كىشى.

**دەھرىي** — خۇداغا ئىشەنمەيدىغان ئادەم، دىنسىز كىشى.

**ئازغۇن** — يولدىن ئازغان، توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەن، ئاينىغان كىشى ياكى جانلىق.

**قىيامەت** — ① دىنىي ئېتقاد بويىچە بۇ دۇنيا تۈگەپ ئۇ دۇنيادا ھەممە تىرىلىپ ھېساب بېرىش ئۈچۈن مەھشەرگاھقا توپلىنىدىغان ۋاقىت، ئاخىرەت. ② قىيا- چىيا، يىغا- زارغا تولغان، ئۇر-چاپ. ③ ئىنتايىن جىددىيلىك، بەك ئالدىراشلىق. ④ ئۇلۇم بىلەن ئاخىرلىشىدىغان مۇشكۇل، قىيىن ئىش.

**ئاسىي** — ① گۇناھكار، گۇناھ قىلغۇچى، ② خائىن، ساتقۇن.

**پەرھىز** — ① ئاللانىڭ بەندىلىرى ئەمەل قىلىشىغا ۋە ساقلىنىشىغا بۇيرۇغان ۋەزىپىلىرى. ②چوقۇم ئۇرۇنداش زۆرۈر بولغان ۋەزىپە، مەجبۇرىيەت.

**پەتىۋا** — بىرەر چىگىش، مۇشكۇل مەسىلىلەرگە قارىتا شەرىئەت ۋە قانۇنغا ئاساسەن دىنىي ئۆلىمالار تەرىپىدىن چىقىرىلغان خۇلاسە، قارار، ھۆكۈم.

**كۇپۇرلۇق** — ئاللانى، دىنىي كەمسىتىدىغان، ئاللاغا كۆرگەن ياخشىلىقىنى ئۇنتۇش، سۆز- ھەرىكەت، قىلىق؛ كۆرگەن ياخشىلىقنى ئۇنتۇش، نانكورلۇق.

## 10. كوماراجىۋا

**ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر** — 1965 - يىلى 2 - ئايدا باي ناھىيىسىدە توغۇلغان. « جۇڭگو مىللەتلىرى » ژورنىلىنىڭ مۇھەررىرى، ھازىرغا قەدەر 30 پارچىغا يېقىن ھېكايىسى 60 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ۋە نەچچە يۈز پارچە تەرجىمە ئەسىرى ئېلان قىلىنغان. « كوماراجىۋا » ، « مىڭئۆيلەر سىلەرگە

يۈز كىلەلمەيمىز» ، « كۇسەن تاشكېمىرلىرى ۋە دەريا ـ ئېقىنلار » قاتارلىق كىتابلىرى بار.

**كۇماراجىۋا** ــ مىلادىيە 344 ـ يىلى كۇسەن ( كۇچار ) دە تۇغۇلغان بولۇپ، بۇددا نوم ـ ئەھكاملىرىنى تەرجىمە، تەپسىر قىلىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تونۇشتۇرۇشقا ئاجايىپ زور تۆھپە قوشقان بۈيۈك بۇددا ئالىمى. مىلادىيە 413 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى 70 يېشىدا چاڭئەندە ئالەمدىن ئۆتكەن.

**بۈيۈك** ــ ① ئۇلۇغ، زور، كاتتا. ② يۈكسەك، يۇقىرى، ئېگىز.

**مەنىۋى هايات** ــ كىشىنىڭ ئىچكى، روھىي هاياتى.

**ئىدېئولوگىيە** ــ مەلۇم سىنىپ ياكى پارتىيىنىڭ مۇئەييەن كۆز قاراش، پىكىر، ئوقۇم ئىدىيىلەرنىڭ سىستېمىسى ياكى سىياسىي كۆز قاراش، پەلسەپە، سەنئەت، دىنلارنىڭ ھەممىسى ئىدېئولوگىيىنىڭ شەكلىدۇر.

**بۇددىزم** ــ بۇددا دىنى .

**ئىسلام دىنى** ـــ دۇنيادىكى ئاساسلىق دىنلارنىڭ بىرى . يەنى ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەت تەرىپىدىن مىلادىيە VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بەرپا قىلىنغان دىن . ئۇ بىر ئىلاھقا ئىشىنىدىغان ئاخىرقى دىن بولۇپ ، مۇھەممەدتىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ ، بۇنىڭ ئۇچۇن ئاللاھ بۇ دىنىنىڭ ئېتىقاد ، ھۆكۈملىرىنى ھەر زامان ، ھەر ماكانغا شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئويغۇن بىر شەكىلگە كەلتۈردى ۋە بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە مەجبۇرىيەت قىلىپ بەردى دەپ قارايدۇ . بۇ دىن ئەينى ۋاقىتتا ئاسىيانىڭ غەربى قىسمى، ۋە ئافرىقىنىڭ شىمالى قىسمىدا كەڭ ئەۋج ئالغان بولۇپ ، X ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان .

**ئۆتكەل** ــ ① ئۆتىدىغان جاي ، مۇھىم ئېغىز ، مۇھىم يول ؛ تۇگۈن . ② كۆچمە . هالقىلىق پەيت ، مۇھىم پەيت . هالقىلىق پۇرسەت . ③ كۆچمە . بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان جەريان ، ئىشنىڭ هالقىسى ، باسقۇچ . ④ نىشانلانغان ، مۆلچەرلەنگەن ئەڭ يۇقىرى پەللە .

**روناق تېپىش** ــ گۈللەپ ياشناش ، تەرەققى قىلىش ، راۋاجلىنىش .

**ياتلىق قىلىش** ــ تۇرمۇشقا چىقارماق ، تاللىق قىلماق ، ئەرگە بەرمەك .

**يۈكسىلىش** ــ ① ئېگىزلىمەك ، ئۆرلىمەك ، يۇقىرىلىماق . ② كۆچمە . ئۆسمەك ، راۋاجلانماق ، تەرەققى قىلماق ، ياخشىلانماق .

**ئىلىم تەھسىل قىلىش** ـــ ئىلىم ئۆگىنىش ، ئوقۇش .

**مەنستەمەسلىك** ـــ تۆۋەن نەزەر بىلەن ئېتىبارسىز قاراش ، كۆزگە ئىلماسلىق ، پىسەنت قىلماسلىق .
**داڭقى** ـــ نام ـ ئاتاق ، شۆھرەت ، ئىناۋەت .
**مەنسەپ** ـــ بىرەر ئورگاندىكى مەسئۇل ۋەزىپە، ئەمەل.
**دىن** ـــ بىر خىل ئىجتىمائى ئىدىئولوگىيە . ئۇ ئىلاھى كۈچكە ئىشىنىشكە ئاساسلانغان دۇنيا قاراش ۋە تەسەۋۋۇرلار .
**كاتتا** ـــ ① چوڭ ھەشەمەتلىك ، ئىسىل . ② بۈيۈك ، داڭلىق . ③ ياش جەھەتتە چوڭ بولغان ، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ؛ باشلىق ، ئەمەلدار .
**كىمخاپ** ـــ ئۆرۈشى يىپەك ، ئارقىقى زەر يىپتىن توقۇلغان رەخت .
**ئەۋلىيا** ـــ ① ئىتقادلىق ، دىندار كىشىلەر نەزىرىدە گۇيا ئاجايىپ كارامەتلەرگە ئىگە ، كارامەت كۆرسىتەلەيدىغان ، مۆجىزىلەرنى يارىتالايدىغان مۇقەددەس ، ئەزىز ئادەم . ② كۈچمە . گەپ ، ۋەقە ، ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ مەنبەسىگە چۈشىنىپ يەتكەن ؛ دانىشمەن ، ئۇلۇغ ئادەم . ③ كۈچمە . مۇبالىغە ، مەسخىرە قىلىشتا كىنايە ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ .
**كامالەت** ـــ تولۇق يېتىشكەنلىك ، مۇكەممەللىك .
**دۆلەت ئۇستازى** ـــ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ، ھاكىمەت يۈرگۈزۈش قاتارلىقلاردا يول كۆرسەتكۈچى ، پادىشاھ ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنى تەربىيلىگۈچى ، ئىدىيە جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلالايدىغان نەزەرىيە يارىتىپ بەرگۈچى .
**نوم بىتىگ** ـــ بۇددا دىنىنىڭ كىلاسسىك كىتابى .
**نەزمە** ـــ شېئىر ، شېئىرىيەت ، پوئېزىيە .
**مەلۇمات** ـــ ① ئوقۇش ، ئۆگىنىش نەتىجىسىدە ئىگەللىگەن بىلىم ، ئىلمى سەۋىيە . ② بىرەر نەرسىگە دەلىل بولىدىغان خەۋەر ، ئۇچۇر ، ئاخبارات ، ماتېرىيال .
**ئۇسلۇب** ـــ ① بىر دەۋىر ، مىللەت ، ئېقىم ياكى بىرەر شەخسنىڭ بەدىئىي ئەسەردە ئىپادىلىگەن ئاساسلىق ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىكى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكى ؛ ئىستىلى . ② يازغۇچىنىڭ تىل ۋاستىللىرىدىن پايدىلىنىشىكى ئۆزگە خاس يولى ؛ ئۇسۇلى .
**مۇتەخەسسىس** ـــ بىرەر ساھەدە مەخسۇس بىلىم ئىگەللەپ ھەم شۇ ساھەدە مول تەجرىبىگە ئىگە بولغان كىشى ، ئىختىساس ئىگىسى .
**مېيىت** ـــ ئۆلۈك ، جەسەت .
**قىزىل مىڭئۆي** ـــ بۇددىزىم مەدەنىيىتىگە ئائىت بولغان ئۆي ـ ئىمارەت

قورلۇشى . باي ناھىيسىگە جايلاشقان .

**نــوم** ـــ بــۇددا دىنىنىــــڭ كىلاسســـىك كىتــابلىرى ۋە توپلاملىرىنىـــڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئاتىلىشى .

**ئەھكام** ــ ھۆكۈم، ئەمىر- پەرمان، يولىيورۇق .

**تەپسىر** ــ ئەرەبچە سۆز بولۇپ مەنىسى يېشىپ چۈشەندۈرۈش، ئىــزاھ، شــەرھ دېگەنلىك .

**تەرك ئەيلەش** ــ كېچىش، تاشلاش .

**ئىستىپداتلىق** ــ ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە، قابىلىيەتلىك، تالانتلىق .

**بۇددىست** ــ بۇددا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى شەخس، بۇدقا چوقۇنىدىغان ئادەم .

**مىلادىيە** ــ خەلقئارادا ئورتاق قوللىنىلىدىغان كالىندار .

**سانسكرىت تىلى** ــ قەدىمقى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھىندى دىنى، پەلسەپە ۋە بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ تىلى .

**كامىــل** ـــ ① كامالەتكە يەتكەن، مۇكەممەل، تولۇق، تەلتۆكۈس . ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى .

**ئەقىدە** ــ ① چىن كۆڭلىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن پىكىر، ئىشەنچ . ② بىرەر نەرسە توغرىسىدا شەكىللەنگەن ھۆرمەتلەش ۋە ياخشى كۆرۈش ئادىتى، ئېتىقاد . ③ ئىشەنچ ۋە ئېتىقادقا ئاساسەن شەك يوق دەپ قارالغان قائىدە ۋە ھۆكۈملەر .

**راھىــب** ـــ بــۇددا ۋە خىرىســتىئان دىنلىرىدا ئــائىلىنى تەرك ئېتىــپ تەركىدۇنيا بولۇپ ئۆمرىنى چىركاۋ ۋە ئىبادەتخانىلاردا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان كىشى .

**مۇناجات** ــ خۇدادىن ياردەم، مەدەت، نىجاتلىق تىلەپ قىلىنىدىغان دۇئا .

**راھىبە** ــ ئايال راھىب .

**مۇنازىرىلىشىش** ــ ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تالاش - تارتىش قىلماق، بەس مۇنازىرە قىلماق .

**رەقىــب** ـــ ① رىقابەتلىشىــش خــاراكتىرىنى ئالغــان، رىقابەتلىشىــش خاراكتىرىنى ئالغان مۇسابىقە ئويۇنلىرى، تالاش - تارتىش، بەس مۇنازىرە ۋە شۇ قاتاردىكى قارىمۇ- قارشى تەرەپ، ئۆز- ئارا رىقابەتلەشكۈچى . ② دۈشمەن، ياۋ . ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى .

**بەلخ** ــ ئافغانىستاندىكى بىر شەھەرنىڭ نامى .

**كۆسەن** ــــ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى كۇچا ناھىيە ( شەھەر ) نىڭ قەدىمقى ئاتىلىشى.
**پەلسەپە** ــ ① دۇنيا قاراش ھەققىدىكى تەلىمات. كىشىلەرنىڭ پۈتكۈل دۇنيا توغرىسىدىكى تۈپ كۆز قاراشلىرىنىڭ سىستېمىسى، تەبىئەت بىلىملىرى بىلەن جەمئىيەت توغرىسىدىكى بىلىملەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلىشى ۋە يەكۈنى. ② كۆچمە مەنىسى : ئاڭلىغاندىن كېيىنكى مۇلاھىزە قىلىشقا ئەرزىمەيدىغان پاكىتسىز، ئاساسسىز پىكىر، سەپسەتە، قۇرۇق گەپ.
**تىلشۇناسلىق** ــــ تىلنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان پەن. تىلشۇناسلىق ئۆزىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئومۇمى تىلشۇناسلىق ۋە كونكرېت تىلشۇناسلىق دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.
**ئىلمىي نۇجۇم** ــ ئاستىرونومىيە ئىلمى.
**تەخت** ــــ ① پادىشاھ، خان ۋە دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئولتۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان ئالاھىدە بېزەلگەن ھەشەمەتلىك ئورۇن، ئورۇندۇق. ② كۆچمە مەنىسى : ئەمەل، مەنسەپ، ھوقۇق.
**روم** ــ رىم، ئىتالىيىنىڭ قەدىمقى شەھەرلىرىدىن بىرى.
**سوترا** ــــ بۇددا نوملىرىنىڭ بىرىنچى قىسمى، رىۋايەت قىلىنىشىچە ئۇنىڭدا ساكيامۇنىنىڭ ئۆزى ئېيتقان گەپ ـ سۆزلىرى مەزمۇن قىلىنىدىكەن.
**مۇتالىئە قىلىش** ــــ مەزمۇننى چۈشەنگەن ، ئۆزلەشتۈرگەن ئاساستا ئىنچىكە ئوقۇش ، تەتقىق.
**ئىستىبداتلىق** ــ ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە، قابىلىيەتلىك، تالانتلىق.
**ماھايانا** ــ بۇددىزم تەلىماتىدىكى بىر مەزھەپ، ئۇ چوڭ كۆلۈنگۈ ياكى بۈيۈك راۋان تەلىماتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
**نىزا** ــ كىلىشمەسلىك، دۈشمەنلىشىش؛ ئاداۋەت، نارازىلىق.
**ئىدارە قىلىش** ــ بەلگىلىك تەرتىپتە باشقۇرۇش، يولغا سېلىش.
**مەنىۋىي داھىي** ــ كىشىگە روھىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلغۇچى.
**ئالدىنقى چىن** ــــ مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى بارلىققا كىلىپ قىسقا مۇددەت دەۋر سۈرگەن خانلىقنى كۆرسىتىدۇ.
**شىرمەت سانغۇن** ــ باتۇر سانغۇن دېگەنلىك بولۇپ، ھەربىي ئەمەل نامى. سانغۇن سۆزىنىڭ مەنىسى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەل نامى ۋە شۇ ئەمەلگە ئېرىشكەن كىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇرۇش ۋە جەڭلەرگە قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارى

يۇقىرى كىشىلەرگە بېرىلىدىغان ئەمەل نامى ۋە شۇ ئەمەلگە ئېرىشكەن كىشىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى گېنېرال بىلەن ئوخشاش دەرىجە.
**ئۆلىما** ـــ ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق تەلىماتلىرىنى بىلىدىغان، دىنىي جەھەتتىن يۇقىرى بىلىمگە ئىگە بولغان كىشى؛ دىنىي ئالىم.
**دىئالېكت** ـــ بىر تىلنىڭ مەلۇم دائىرىدىلا قوللىنىلىدىغان ۋە ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىدىغان ئىجتىمائىي ۋارىيانتى، ئۇ يەنە بىر قانچە شىۋىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
**تەرجىمە ئاپاراتى** ـــ تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئورگان.
**ئىزاھلاش** ـــ ① تېكىست ئىچىدىكى مەلۇم جۈملە ۋە سۆزگە ئىزاھات بەرمەك. ② سۆز، ئىبارە ياكى بىرەر ئىش ۋەقە، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش، ئۇنىڭ مەنىسىنى، ماھىيىتىنى ئېچىپ كۆرسىتىش، يېشىش، شەرھىيلەش.
**شەرھىيلەش** ـــ بىرەر نەرسىنىڭ مەزمۇنى، ماھىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ، بايان قىلىپ چۈشەندۈرۈش، ئىزاھلاش.
**جىلد** ـــ ① بىر نەچچە كىتابتىن ئىبارەت ئەسەر، مۇقاۋىلانغان ھۆججەت قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىر ئايرىم كىتابى، توم. ② مۇقاۋا، قاپ، تاش
**يوپۇق** ـــ ① ئات ـ ئۇلاغنى سوغۇقتىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئۇچىسىغا يېپىپ قويىلىدىغان يېپىنچا. ② بىرەر نەرسىنىڭ ئۈچۈپ تۇرماسلىقى ئۈچۈن يېپىلىدىغان پەردە.
**جاھانشۇمۇل** ـــ ئالەمشۇمۇل، خەلقئارا ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭ.

## 11. مەمتىلى ئەپەندى

**مەمتىلى ئەپەندى** ـــ مەشھۇر مائارىپچى، تالانتلىق تەشكىلاتچى، ئوت يۈرەك كومپوزىتور ۋە شائىر. مەمتىلى ئەپەندى 1901 ـ يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلغان. 1937 ـ يىلى 29 ـ مايدا 36 يېشىدا ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ « مەرىپەت مارشى » ، « ئىزچىلار مارشى » قاتارلىق جەڭگىۋار ناخشىلىرى كەڭ تارقالغان.
**سەيپىدىن ئەزىزى** ـــ 1915 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاتۇشتا تۇغۇلغان. 1933 ـ يىلى قەشقەردە قۇراللىق قوزغىلاڭغا قاتناشقان 1934 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندىگە ئەگىشىپ يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قوزغىغان. كېيىن «

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى » غا قاتنىشىپ مۇھىم رەھبەرلىك رولىنى ئوينىغان. 1955 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا رەئىس بولغان. ئۇ كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى، دراماتورگ ۋە شائىر. ئۇنىڭ « سولتان سۇتۇق بوغراخان» ، « ئامانىسساخان » ، « ئۆمۈر داستانى » ، « ئەۋلىيا ئاتا » ، « سەيپىدىن ئەزىز روبائىيلار توپلىمى » قاتارلىق كىتابلىرى بار. سەيپىدىن ئەزىز 2003 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى 88 يېشىدا بېيجىڭدا ۋاپات بولغان.

**يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى** ـــ ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق خەلقنى تەربىيلەش، نادانلىق، خۇراپىيلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئويغىتىش ھەرىكىتى.

**مائارىپچى** ـــ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، مائارىپ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغۇچى، بىلىم بەرگۈچى، تەربىيلىگۈچى.

**تەشكىلاتچى** ـــ كىشىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ تەشكىللەشكە، ئۇيۇشتۇرۇشقا ماھىر كىشى، تەشكىلات قۇرغۇچى.

**كومپوزىتور** ـــ مۇزىكا ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلغۇچى كىشى.

**دورقى** ـــ قېتىم ، نۆۋەت رەت .

**ئەپەندى** ـــ ① جاناپ . ② ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ ھۆرمەت مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ . ③ ئوقۇتقۇچى ، مۇئەللىم .

**مەخمۇت شىجاڭ** ـــ تۆرپاندىكى مۇھىتلار جەمەتىدىن بولۇپ مەھمۇد مۇھىتنى كۆرسىتىدۇ . قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىن قەشقەرنىڭ ھەربىي مەمۇرىي ھوقۇنى كونترول قىلىپ تۇرغان . 1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شىڭ شىسەينىڭ تۇرلۈك بېسىملىرى تۈپەيلىدىن چەتئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان .

**تاشكەنت** ـــ ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى .

**قارا دېڭىز** ـــ رۇسىيە تەۋلىكىدىكى رۇسىيە بىلەن تۈركىيە زېمىنىنىڭ ئىچىگە سوزۇلۇپ كىرگەن دېڭىز ۋە ئۇنىڭ نامى .

**تەمبۇر** ـــ چالغۇ ئەسۋاپىنىڭ نامى. ئالتە تارلىق چالغۇ ئەسۋاپ .

**رەئىس** ـــ ① بەزى دۆلەت ، دۆلەت ئورگانلىرى ، پارتىيە ـ گۇرۇھ ياكى بەزى ئىدارە ، تەشكىلاتلار رەھبىرىنىڭ ۋەزىپە نامى ۋە شۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كىشى ، ② مەجلىسنى باشقۇرغۇچى شەخس ، يىغىن رىياسەتچىسى . ③ دىنى مۇراسىم ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ بىجىرىلىشىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى كىشى ۋە شۇنىڭدەك جىنىڭ تېشى تارازا قاتارلىقلارنىڭ توغرىلىقىنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان مەنسەپدار كىشى .

www.kitaphumar.com

**كاتىپ** ـــ ① ئىدارە ئورگانلارنىڭ خەت ـ ئالاقىلىرىنى ، يىغىن خاتىرىلىرىنى يازىدىغان كىشى ، خادىم . ② بەزى كىشىلەرنىڭ سۆزىنى خاتىرىلەيدىغان ياكى قولىيازمىلارنى كۆچۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى ؛ مىرزا .

**مەدرىسە** ـــ ئىسلام دىنى بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان ئالىي مەكتەپ ، بىلىم ئېلىش ئورنى .

**ئىئانە** ـــ ① بىرەر ئىش ياكى پائالىيەت ئۈچۈن بېرىلگەن ماددىي ياردەم . ② ياردەم قىلىش ، قوللاش مەقسىتىدە يىغىدىغان پۇل .

**ئاقارتىش ھەرىكىتى** ـــ جەمئىيەتتىكى كەڭ خەلقنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ، بىلىم مەرىپەت ئىگەللىتىش ، كىشىلەرنى تەربىلەش ، نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىسلاھات خاراكتېرلىك ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ .

**قوغۇشۇن** ـــ مېتال ئېلېمېنت بولۇپ ، كۆلرەڭ ، يۇمشاق ، ئەمما ئېغىر ، سوزۇلۇشچانلىقا ئىگە . ئاسان ئوكسىدلىنىدۇ . قېتىشما ، باتارىيە ، قېرىنداش ئۈچى ، خىلمۇ ـ خىل قۇراللارنىڭ ئوقى قاتارلىقلارنى ياساشقا ئىشلىتىلدۇ .

**تەۋپىق** ـــ كىشلەرنىڭ مۇۋاپىقيىتى ئۈچۈن بەختى ئۈچۈن قىلىنغان مەدەت ، ياردەم .

**قالتىس** ـــ ① ئىنتايىن ، بەك ، تولىمۇ ، ناھايىتى . ② كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە، ئالاھىدە ، قاتتىق . ③ جاھاندا بىر ، كارامەت .

**تەتۈر تەشۋىقات** ـــ ئۆز دۈشمىنىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى كومىلاپ ، ئۆزىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ، ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات .

**ئېغۋا** ـــ ئارىنى بۇزۇش ، ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلىش مەقسىتىدە قىلىنغان يالغان گەپ ـ سۆز ، ئويدۇرما ، بوھتان ۋە شۇ قاتارلىقلار .

**گۇرۇھ** ـــ بىرەر كۆز قاراش ، ئېتىقاد ، مەسلەك بويىچە ئۇيۇشقان شەخسلەر كوللېكتىپى ؛ مەزھەپ .

**غەيرى رەسمى** ـــ باشقىلارغا نىسبەتەن باشقىچە، ئۆزگىچە بولغان ئۆزگە نىسبەتەن رەسمى رەۋىشتە قوبۇل قىلىنغان ، يوچۇن تۇيۇلمايدىغان ھال .

**ئەزبۇيلەپ** ـــ ① سۆزدە ، ھەرىكەتتە جىددىيلىشىپ بارغانسېرى ئۆرلەپ كەتمەك ، كۆچەيمەك ، ئەۋجىگە چىقماق ، ئەدەپ كەتمەك . ② تېز پۇرسەتتە

www.kitaphumar.com

ئېگىز بولۇپ ئۆسمەك .

**تەھدىت** ــــ ① قورقۇتۇش ، پوپوزا . ② بىرەر ئاپەت ۋە پالاكەتنىڭ يۈز بېرىش خەۋپى ، خەۋىرى .

**جەڭگىۋار** ــــ ① جەڭ ۋە كۆرەش قىلىشقا ھەر دائىم تەييار تۇرىدىغان ، كۆرەش قىلغۇچى ، كۆرەشكە قاتناشقۇچى ؛ كۆرەشچان . ② جەڭ ئورنى قىلىپ بەلگۈلەنگەن ، جەڭ ئېلىپ بېرىلغان، جەڭ قىززىغان . ③ جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ، جەڭگە ئۆزىنى ئاتىغان ، جەڭدىن قايتمايدىغان . ④ كۆچمە . كۆرەشكە تەييار ، كۆرەش روھىغا ئىگە ، جەسۇر . ⑤ كۆچمە . ئىنتايىن مۇھىم، جىددى ، كەسكىن ، زۆرۈر .

**سازچى** ــــ ساز چالغۇچى كىشى ، سازەندە .

**ئىنتىقام** ــــ بىرەر سەۋەپ ياكى دۈشمەنلىكتىن كېلىپ چىققان ئۆچ ؛ قىساس .

**نىجاتلىق** ــــ ئازاتلىق ، قىيىنچىلىقتىن قوتۇلۇش .

**مۇتەئەسسىپ** ــ كونا ئەقىدە ۋە نەرسىلەرگە يېپىشىۋالىدىغان، كونىلىقنى ياقىلىغۇچى.

**ئىگىلىك** ــ ① ئىگە بولۇش، ئىگدارچىلىق. ② ئىقتىساد، بايلىق.

**ئاپاق خوجا مازىرى** ــــ قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان قەبرىستانلىق بولۇپ XVI ئەسىرلەردە بىنا بولغان ، ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ دادىسى مۇشۇ قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىنغان . ئاپاق خوجا دەۋرىدە بۇ قەبرىستانلىقنىڭ كۆلىمى كېڭەيتىلگەن ۋە ئاساسى ئىمارەت بولغان ئاپاق خوجا قەبرىسى ۋە جامە كېڭەيتىلىپ، يېڭىلاپ سېلىنغان .

**شىتاپ** ــــ ① ھەربىي قىسىملارنىڭ قوماندانلىق ئورگىنى . ② كۆچمە . يەرلىك ئورۇنلاردىكى بىرەر ئىنشائات ياكى قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئورگان ؛ رەھبەرلىك ئاپپاراتى .

**ئارتىس** ــــ كىنو- تىياتىر ، سىرىك قاتارلىق سەنئەت ئەسەرلىرىدە رول ئالغۇچى شەخس .

**پارلاش** ــــ يارقىن نۇر چېچىپ تۇرۇش ، يورۇماق ، چاقنىماق ،

**تەنتەنە** ــــ ① بىرەر مۇھىم ۋەقە ، ھادىسە قاتارلىقلارنى تەبرىكلەپ ، ئالقىشلاپ ئۆيۈن _ تاماشا بىلەن شاد- خۇراملىق ئىچىدە ئۆتكۈزىلىدىغان مۇراسىم . ② ئۇچىرىشىش ، يىغىلىش ، مەرىكىلەردە خۇشاللىقنى ئىپادىلەپ ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت ۋە كۈي . ③ غەلبە ، شادلىق تويغۇسى ، كەيپىياتى ؛

داغدۇغا .

**بوھتان** ــ ئاساسى بولمىغان پىكىر ، تۆھمەت .

**جاھالەت** ـــ ئىلىم ـ مەرىپەتتىن مەھرۇم بولغان ھالەت نادانلىق ، قالاقلىق.

**مۇشتۇمزور** ـــ يوقسۇل ، نامرات ، كەمبەغەللەرنى رەھىمسىزلەرچە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان ، ئېزىدىغان زوراۋان .

**ئۇتۇق** ــ ① ئېرىشكەن نەتىجە ، مۇۋاپىقىيەت ، غەلىبە . ② خىزمەت ، ئىش قاتارلىقلارنى يەكۈنلەش داۋامىدىكى ئىجابى تەرەپلەر ؛ نەتىجە . ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى .

**پەيغەمبەر** ـــ دىننى ئىتقاد بويىچە ئاللانىڭ ئىرادىسى ۋە ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى بەندىلەرگە يەتكۈزگۈچى ئىلاھى ۋەكىل .

**غۇلغۇلا قىلىش** ـــ بىرەر مەسىلە ئۈستىدە باشقىلارنىڭ ئۆز ـ ئارا قىلىشقان گەپ ـ سۆزلىرى ، پىكىرلىرى .

**تەۋپىق** ــ توغرا يولغا باشلىغۇچى، يول كۆرسەتكۈچى، توغرا يول.

**جۇمھۇرىيەت** ــ ھاكىمىيەتنىڭ ئالى ھاكىمىيەت ئورگانلىرى يەنە مەلۇم مۇددەتتە سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغان دۆلەت، تۈزۈم ھەم شۇنداق دۆلەت.

**مۇستەبىت** ــ زالىم ھۆكۈمران، ئىستىبىدات.

**نىسپىي** ــ يېرىم، تولۇق بولمىغان.

**شىڭ شىسەي** ـــ ( 1896 ـ 1970 ) تەخەللۇسى جىڭ يۇڭ، لىياۋنىڭ ئۆلكىسى كەييۈەن ناھىيىسىنىڭ شىجىيا كەنتىدە چوڭ پومىشچىك ئائىلىسىدە توغۇلغان. 1933 ـ يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا قاتنىشىدۇ. « 12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى » دە جىن شۇرېننى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئالى مەمۇرى ۋە ھەربىي ھوقۇقىنى كونترول قىلىۋالغان. 1940 ـ يىلى ئۆلكە رەئىسلىكىنى قوشۇمچە ئۈتەيدۇ. 1944 ـ يىلى گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مىنىسترلىكىنىڭ مىنىسترلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە كەلگەن ئالتۇنلارنى بۇلاپ تالايدۇ. يۈز مىڭلىغان بىگۇناھ خەلقنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ. 1949 ـ يىلى ئائىلىسى بىلەن تەيۋەنگە قېچىپ كېتىدۇ. 1970 ـ يىلى 7 ـ ئايدا 75 يېشىدا مېڭىسىگە قان چۈشۈپ ئۆلىدۇ.

**خوجىنىياز ھاجى** ـــ ئۈچ ئەۋلاد قۇللۇقتا ئۆتكەن قۇل دۇرغىسى ئىمىننىياز ئائىلىسىدە 1889 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن. 1912 ـ يىلىدىكى تۆمۈر خەلپە

باشچىلىقىدىكى « قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى » گە قاتنىشىپ، بىر تەرەپتىن ئۇرۇش قىلسا بىر تەرەپتىن تۆمۈر خەلىپىگە مەسلىھەتچى بولغان. قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن چەتئەلگە قېچىپ كەتكەن ۋە سوۋدا كارۋانلىرىغا قوشۇلۇپ سوۋدا ـ سېتىق قىلغان. كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن. 1928 ـ يىلى پارتىلىغان قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىسى بولغان. كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىنىڭ كېپىل بولۇشى بىلەن شېڭ شىسەيگە ئىشىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭ ئامانلىق ساقلاش شتابىنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسى ۋە مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلغان. 1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۆھمەت بىلەن قاماققا ئېلىنغان. 1938 ـ يىلى كۈزدە ئۇرۇمچىدە ئۆلتۈرۈلگەن.

**ۋالىي مەھكىمىسى** ــــ ۋىلايەت دەرىجىلىك قانۇن، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئورگان.

**مەپە** ــــ مەخسۇس ئادەم چۈشۈش ئۈچۈن ياسالغان، ئات ياكى قېچىر قوشۇلىدىغان، ئۈستى يېپىق، تۆت چاقلىق قاتناش قورالى.

**كۇرس** ــ ① مەلۇم بىر پەن سىستېمىسى بويىچە قىسقا مۇددەتلىك ئېچىلغان ئوقۇش. ② بىرەر پەن ياكى ئۇنىڭ بىرەر قىسمىنىڭ مەلۇم جەھەتتىكى سىستېمىلىق بايانى، قىممەت، باھا. ③ كۆچمە مەنىسى : ئىززەت ـ ھۆرمەت، ئابروي.

**مەش دەسسەش** ــ رەتلىك تىزىلىپ ھەربىيچە مېڭىش : ھەربىيچە يۈرۈش، چامداش.

**مەمۇرىي** ــــ ① مەمۇرىيەتكە دائىر، باشقۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان. ② مەمۇرىيەت يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىلىدىغان، ئىجرا قىلىنىدىغان.

**ئىستىقبال** ــــ ① كەلگۈسىدىكى ھايات ، تىرىكچىلىك يولى ، كەلگۈسىدىكى چىقىش يولى . ② بىرەر ئىشنىڭ ، نەرسىنىڭ كېلەچەكتىكى تەقدىرى : ئاقىۋەت . ③ ياخشى كۆرگەن ، ھۆرمەت قىلىدىغان كىشىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈپ ئېلىش : قارشى ئېلىش .

**جىلۋىلىنىش** ــــ نۇرلىنىش ، جىلۋە قىلىش ، پارقىراش ، چاقناش : ئەكس ئەتمەك ، ئىپادىلەنمەك .

**ئىتوت** ــــ كىچىك تىپتىكى تىياتىر شەكلى، ئۇنىڭدا تۇرمۇشتىكى ئۆششاق ۋەقەلىكلەر ئاددى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلىدۇ .

ئادەتتە تىياتىرنىڭ ئۇرۇنلاش سەنئىتىنى دەسلەپ ئۆگەنگۈچىلەر ئەڭ دەسلەپ ئىتوتتىن باشلايدۇ.

**تەشكىلىي** ـــ تەشكىلگە ئائىت؛ تەشكىللەش، تۈزۈلۈش بىلەن باغلىنىشلىق بولغان.

**ئىلمىي** ـــ ① ئىلمىگە، ئىلىم ـ پەنگە ئائىت، ئىلىم ـ پەنگە ئاساسلانغان؛ ② ئوقۇشقا، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش، مائارىپ ئىشلىرىغا ئائىت ھەم شۇ قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان؛

**كەنت** ـــ ① مەلۇم خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن شەھەر ھەمدە قىشلاقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، ئاھالە ياشايدىغان جاي. ② دېھقانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزىدىن كىچىك مەمۇرىي بىرلىك.

**ماددىي** ـــ ① ماددىدىن ئىبارەت بولغان، ماددىدىن تۈزۈلگەن. ② مال ۋە پۇل، بايلىقتىن ئىبارەت بولغان.

**قالاقلىق** ـــ قالاق ھالەت؛ ① تۆۋەن تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇپ قالغان، تەرەققىيات جەھەتتە ئارقىدا قالغان، ھازىرقى زامان تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالمىغان، تەرەققىي قىلمىغان، كونا. ② دۇنيا قاراش، ئاڭ چۈشەنچىسى تۆۋەن بولغان؛ ئىلغار ئەمەس.

**ئىلغارلىق** ـــ ھەر قانداق ئىش ـ ھەرىكەت، پائالىيەتلەردە باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان، باشقىلارغا ئۈلگە بولىدىغان ھالەت، ئاۋانگارتلىق.

**خۇراپاتلىق** ـــ خۇراپات مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، خۇراپاتلىق داۋاملىشىۋاتقان ھالەت.

**بولشېۋىكلار** ـــ ئەينى ۋاقىتتا لېنىن رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغان سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاتىلىشى بولۇپ رۇسچە «كۆپ سانلىقلار» دېگەن مەنىدە، بۇ ئىسىم بولشېۋىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، كوممۇنىست دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دەھرىي** ـــ خۇداغا ئىشەنمەيدىغان ئادەم، دىنسىز كىشى.

**مۇناپىق** ـــ ① تىلى باشقا، دىلى باشقا، سۆز ـ ھەرىكىتى بىر ـ بىرىگە توغرا كەلمەيدىغان، سەممىيەتسىز، ئىككى يۈزلىمە. ② قارا يۈز، ۋىجدانسىز دېگەن مەنىدىكى تىل ھاقارەت سۆزى.

**فورما** ـــ ① بىرەر نەرسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، شەكلى، نۇسخىسى، پاسونى. ② مەلۇم بىر ساھەدىكى كىشىلەر ئۈچۈن مەخسۇس تىكىلگەن، تىكىلىش ئالاھىدىلىكى ۋە بەلگىلىرى ئوخشاش بولغان كىيىم.

**شىكايەتنامە** ــ بىرەر شەخس، گۇرۇھ، تەشكىلات ياكى شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئادالەتسىز ئىش ـ ھەرىكەت، پائالىيەتلىرىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ يېزىلغان شىكايەت خېتى، ئەرز.

**مەشئەل** ــ ① ئۇچىغا كۆيىدىغان بىر نەرسە ئۇرالغان، يورۇتۇش ياكى ئوت يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تاياق. ② يول ۋە نىشاننى كۆرسىتىپ بىرىدىغان نەمۇنە، ماياك؛

**ئىزچىلار** ــ يول ئاچقۇچىلار دېگەن مەنىدە.

**مارش** ــ ① ھەربىي يۈرۈشتە، سەپتە باراۋەر قەدەم تاشلاپ مېڭىشقا ماسلاشتۇرۇلغان مۇزىكا ياكى مۇشۇنداق مۇزىكىغا سېلىنغان ناخشا. ② تەنتەنىلىك مۇراسىم سورۇنلاردا ئوقۇلىدىغان مەلۇم تەشكىلاتقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەيۋەتلىك ناخشا.

**چەكمەن** ــ پىششىق ئىگىرىلگەن پاختا ياكى يۇڭ يىپتىن پۇختا، سىلىق قىلىپ توقۇلغان يەرلىك رەخت.

**شالۋۇر** ــ تېرىدىن تىكىلگەن شىم، ئىشتان.

**چېكىلىك** ــ ① شەپكە، قۇلاقچا قاتارلىق باش كىيىملىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلىدىغان قىسمى. ② تىكىلىدىغان باش كىيىمنىڭ چېكىسى ئۈچۈن تەييارلانغان، چېكىگە ئاتاپ كېسىلگەن. ③ ئات، ئىشەكلەر نوقتىسىنىڭ چېكىگە توغرا كېلىدىغان يېرى.

**نوغۇچ** ــ ① خېمىرنى يېيىش ئۈچۈن ياغاچتىن ياسالغان توم، ئىككى ئۇچى ئىنچىكە، 70 ـ 80 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆي سايمىنى. ② يىپ ئايرىش تاياقچىسى.

**شۇمدەكلەنگەن** ــ تۇرگەن، شىمايلىغان.

**گاڭ** ــ ① پولات ـ تۆمۈر بىلەن ئۇگلېرودنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل قېتىشما مېتال. ئۇنىڭ تەركىبىدە % 1.7 دىن تۆۋەن ئۇگلېرودتىن باشقا يەنە ئاز مىقداردا مانگان، كىرىمنىي، گۈڭگۈرت، فوسفور قاتارلىق ئېلېمېنتلار بار. ② پەقەت بىرلا خىل نەرسىدىن تەشكىل تاپقان، باشقا بىر تەركىب ئارىلاشمىغان، ساپ، يالغۇز.

**ۋىجدان** ــ كىشىنىڭ ئۆز ھەرىكىتى، قىلمىشى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى ھەققىدە جەمئىيەت ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، ئىنساب، دىيانەت.

**ئىرپان** ــ كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى، مەدەنىيىتىنى ئاشۇرۇشقا قارىتىلغان تەلىم ـ تەربىيە؛ مەرىپەت، مائارىپ.

**پـەدا** ــــ ① بـەرەر شـەخىس، ئـىش ـ ھەرىـكەت يـاكى نەرسـە ئۈچـۈن ئـۆزىنى بېغىشلاش؛ قۇربان بېرىش. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**قۇمال تاغ** ــ قەشقەر بىلەن ئاتۇش ئوتتۇرىسىدىكى تاغ نامى.

**باشــپاناھ** ـــــ ① قوغـدىغۇچى، ھىمــايە قىلغــۇچى، پانــاھ بولغــۇچى. ② پاناھلىنىدىغان جاي.

**سۈيۈنچە** ــ كىشىنى خۇشال قىلىدىغان، مەمنۇن قىلىـدىغان خەۋەر ئۈچـۈن بېرىلىدىغان سوۋغا، ئىنئام.

**قازى** ــ ① ئۆتمۈشتە شەرىئەت قـانۇنى بـويىچە دەۋا ئىشـلىرىنى سـۇرايدىغان ئەمەلدار. ② مەشرەپ، ئەلـنەغمە ئۇيۇنلىرىـدا باشـقۇرۇش ۋە كەتكـۈزۈپ قويغـانلارنى جازالاشقا مەسئۇل بولغان كىشى.

**موپتى** ــ شەرىئەت قانۇنلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، شـەرىئەتكە ئاساسـەن پەتـىۋا ( ھۆكـۈم ) چىقىرىـدىغان، مەسـىلىلەرگە يـول تېپىــپ بېرىـدىغان دىنىـى ئەربـاب، ئۆلىما.

**ھارامتاماق** ــ ئىشـلىمەي، تەر تـۆكمەي باشـقىلارنىڭ ئەمگىكى ھېسـابىغا ياشايدىغان؛ تېرىكتاپ، تەييارتاپ.

**پەرھىز** ــ ① ئاللانىڭ بەندىلىرىگە ئـادا قىلىـشقا ۋە ساقلىنىـشقا بۇيرۇغـان ۋەزىپىلىرى. ② چوقۇم ئورۇنداش زۆرۈر بولغان ۋەزىپە، مەجبۇرىيەت.

**سـۈننەت** ـــــ ① ئىسـلامىيەتنىڭ شـەرئىي ھۆكۈملىرىنىـڭ ئىككىنچىسـى، يەنــى مــۇھەممەت پەيغەمبەرنىــڭ ســۆزلىگەن، قىلغــان ۋە باشــقىلار تەرىپىــدىن سـۆزلىگەندە، قىلىنغانـدا ئۇنىڭغـا ئاساسـەن مۇسـۇلمانلاردا ئەنـئەنىگە ئايلانغـان ئىشلار ۋە دىنىي ئۆرپ ـ ئـادەت. ② مۇسـۇلمانلاردىكى ئوغـۇل بالىنىــڭ جىنسـىي ئەزاسىنىڭ ئۇچ قىسمىدىكى تېرىنى قىسمەن كېسىش ياكى كەستۈرۈش ئادىتى.

**غەپــلەت** ـــــ خەۋەرســىزلىك، بىلمەســلىك؛ بىخەســتەلىك، بىپەرۋالىــق، غاپىللىق، نادانلىق.

**مۇخالىپ** ــ قارىشى، زىت، خىلاپ، مۇخالىپ كەلمەك.

**ئىختىلاپ** ــ قارىمۇ ـ قارشىلىق، كېلىشمەسلىك، زىددىيەت، نىزا.

**لومودى** ــ تېپىشتۇرغۇچى دەللال، دەللە.

**مەشھەت** ــ ئاتۇش شەھىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى.

**سولتان سۇتۇق بۇغراخـان** ـــ قاراخـانىيلار خانلىقىنىـڭ تـۇنجى مۇسـۇلمان ئۇيغۇر خانى.

**ئاخۇن** ــ ① ئىسلام دىنىدىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشى، دىنىي زىيالىي، مـوللا.

② ئەرلەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ ئىيتىلىدىغان ھۆرمەت سۆزى.
**مۆتىۋەر** ــ خەلق ئىچىدە يۈز ئابرويى بار، ھۆرمەتكە ئىگە بولغان.
**ئەڭگۈشتەر** ــ ① ئالتۇن، ياقۇت قاتارلىق قىممەت باھالىق مېتال ۋە تاشلاردىن ياسالغان ئۈزۈك. ② كۆچمە مەنىسى : خاسىيەتلىك، نۇرغۇن نەرسىنى قىلىشتا قۇدرەتلىك نەرسە، يول، نىشان كۆرسەتكۈچى.

## 12. يېزىقچىلىق ۋە ئاغزاكى ئالاقە

**خاسلىق** ــ ① خاس بولغان ھالەت، مەخسۇسلۇق. ② بىرەر شەيئىنىڭ باشقا شەيئىلەردىن پەرقلىق بولغان ئايرىم، ئالاھىدە خاراكتېرى. ③ شەخسنىڭ تۇراقلىق بولغان پسىخىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسى.
**ئىچ مىجەز** ــ جىمغۇر، كەمسۆز، ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلاشنى خالىمايدىغان.
**ئۆكتەم** ــ ئۇششۇقلۇق قىلىپ يورۇپ، باشقىلارغا ئۆز تەسىرىنى، سۆزىنى ئۆتكۈزىدىغان، بىشەم، ئۇششۇق، ئۆكتەم ئادەم.
**پسىخىكا** ــ ئوبيېكتىپ ۋەقەلىكنىڭ ئاڭغا تەسىر قىلىشىدىن ھاسىل بولغان روھى ھالەت .
**پورترېت** ــ كونكرېت ئادەملەرنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن رەسىم .
**ئوبيېكت** ــ ① بىزدىن تاشقىرى ۋە ئېڭىمىزغا باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بارلىق ماددى دۇنيا، مەۋجۇدىيەت، سوبيېكتنىڭ ئەكسى . ② كىشىنىڭ پائالىيىتى ، دىققەت ئېتىبارى قارىتىلغان ھادىسە ، نەرسە ياكى ئادەم . ③ كۆچمە . مۇھەببەتلىشىۋاتقان ئىككى تەرەپتىن بىرى .
**مۇخبىر** ــ گېزىت- ژورنال ، رادىئو ، تېلېۋىزىيە قاتارلىق مەتبۇئات ئورۇنلىرىغا خەۋەر ، ماقالە ، ئوبزور يېزىپ تۇرىدىغان كىشى .
**زىيارەت** ــ ① مۇقەددەس جاي، چەت دۆلەت ياكى يېقىن- يىراق، مەنزىرىلىك جاي، داڭلىق شەخس ياكى كىشىلەرنىڭ قەبرىسى قاتارلىقلارغا قىلىنىدىغان ساياھەت. ئېكسكۇرسىيە. ② ھۆرمەت ياكى رەسمىيەت يۈزىسىدىن بىرەر شەخس بىلەن كۆرۈشۈش، ئەھۋاللىشىش ياكى بۇ ھەقتە قىلىنغان پاتىھە. ③ خەۋەر، ماقالىلەرگە ماتېرىيال تەييارلاش يۈزىسىدىن مۇخبىرلار بىلەن ئالاقىدار كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت، ئۇچرىشىش، مۇخبىر زىيارىتى.
**بىر تالاي** ــ ئىنتايىن كۆپ، نۇرغۇن.

www.kitaphumar.com

**كونكرېت** ــ رېئال مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئېنىق، رۇشەن؛ ئەمەلىي، بەلگىلىك، ئابستراكت بولمىغان.

**تېيىز** ــ ئانچە چوڭقۇر ئەمەس، تېيىز كۆلچەك.

**تومتاق** ــ ① قىسقا ۋە تومۇ؛ ② باش ـ ئايىغى يوق، مۇجمەل، چۈشىنىكسىز.

**چوۋالچاق** ــ قالايمىقان، باش ـ ئايىغى يوق، رەتسىز، چىگىش، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان ھالەت.

**قاتمال** ــ ① قېتىپ قالغان، قۇپاللىشىپ قالغان، جۇدەڭ. ② بىر ئىزدا توختاپ قالغان؛ ئۆزگەرمەس، ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان، جاھىل.

**فوتو ئاپپارات** ــ سۈرەت تارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بىر خىل مېخانىزم، ئادەتتە كۆز، لىنزا قاپچۇقى، زاتۋور، دالنومېتىر، مەنزىرە رامكىسى ۋە فوتومېتىر قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەركىب تاپىدۇ.

**مۇنەۋۋەر** ــ ① ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئېسىل، ئالدىنقى قاتاردىكى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

## 13. ئۇيغۇر بۇددا مىڭئۆيلىرى

**ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن** ــ 1933 ـ يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلۇپ، 1995 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان. ئالىم، مۇتەپەككۇر ۋە ئەدىب. شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى. « ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە » ، « شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسۇل سەنئىتى » ، « فارابىي ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ، « ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدىن ئومۇمىي بايان » ، « قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى » ، « ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ، « غەربىي دىيار تاشكېمىر سەنئىتى » ، « قارلىق تاغ شەجەرىسى » ، « چوغلۇق » ، « قاتلاملىق ئىستېتىكا» قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق كىتاب، 300 گە يېقىن ئىلمىي ماقالە، 200 دىن ئارتۇق شېئىر، روبائىي، ئۈچ كىنو سىنارىيىسى يازغان.

**مىڭئۆي** ــ قەدىمدە تاغ ياكى يارلىقلارنى تېشىپ ياسىغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى.

**ئىدېئولوگىيە** ــ مەلۇم سىنىپ ياكى پارتىيىنىڭ مۇئەييەن كۆز قاراش، پىكىر، ئوقۇم ئىدىيىلەرنىڭ سىستېمىسى ياكى سىياسىي كۆز قاراش، پەلسەپە، سەنئەت، دىنلارنىڭ ھەممىسى ئىدېئولوگىيىنىڭ شەكلىدۇر.

**تەۋەرۈك** ــ ① ئۇلۇغ، ھۆرمەتكە لايىق، ئەزىز. ② ئۇلۇغ، ھۆرمەتكە لايىق دەپ ئەتىۋارلانغان نەرسە، يادنامە. ③ يېقىن مۆتىۋەر دەپ ئەتىۋارلايدىغان نەرسە. ④ يېقىن مۆتىۋەر كىشىلەردىن خاتىرە بولۇپ ساقلانغان نەرسە.

**نەقىش** ــ ① ئويۇپ ئىشلەنگەن گۈل، بىزەك، نەقىش ئويماق . ② ئاپتۇۋا جوغىسىنىڭ ئۈستۈنكى تاجىسىمان گۈلى.

**بىزەكچىلىك** ــــ بىرەر نەرسىگە نەقىش ئىشلەش، بىزەش، زىننەتلەش كەسپى.

**چۆكۈندى** ــــ ① چۆكۈش ئارقىلىق ھاسىل بولغان، چۆككەن. ② ئېقىنلارنىڭ سۈرئىتى ئاستىلىغاندا سۇ تەركىبىدىكى مىنىرال ماددىلار، قۇم-شېغىللار ۋە باشقا لاي-لاتقىلارنىڭ سۇ ئاستىغا چۆكۈشى بىلەن ھاسىل بولغان ئارىلاشما ماددا.

**مىمارچىلىق** ــ تۇرلۇك ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش قاتارلىقلارنى لايىھەلەش، قۇرۇش، بىزەش ماھارىتى، سەنئىتى ۋە شۇنداق كەسىپ.

**ئۆكسىمەيدىغان** ــ كەمىيىپ قالمايدىغان، توختاپ قالمايدىغان، ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان، تۈگىمەيدىغان.

**تاغ جىنسلىرى** ــــ يەر پوستىنىڭ مەلۇم قاتلىمىنى ھاسىل قىلىدىغان مىنىرال.

**ئىستىقامەت** ــ ① ۋاقىتنى بىرەر جايدا يىگانە خۇداغا سىغىنىش، تاۋاپ قىلىپ ئىتىكاپتا ئولتۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزۈش ياكى خۇداغا تېۋىنىش بىلەن ئۆتۈش. ② بىرەر جايدا ياشاش، تۇرۇش، ھايات كەچۈرۈش.

**مۇتائىلە قىلىش** ــ مەزمۇننى چۈشەنگەن، ئۆزلەشتۈرگەن ئاساستا، ئىنچىكە ئوقۇش، تەتقىق.

**خىلۋەت** ــ كۆپ كىشى بارمايدىغان، ئادەملەردىن، كۆزدىن يىراق، ھېچكىم كۆرمەيدىغان، خالىي، چەت، ياقا.

**تاشكىمىر** ــ تاغ ياكى يارلىقلارنى تېشىپ، ئۈستى گۈمبەز شەكىلدە ئەگمە قىلىپ ياسالغان ئۆي.

**ئېكسپېدىتسىيىچى** ــ ئېكسپېدىتسىيە قىلغۇچى كىشى. مەلۇم جاينىڭ يەر بايلىقى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارلىقلار ئۈستىدە گېئولوگىيىلىك ياكى ئارخېئولوگىيىلىك چارلاش، تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغۇچى.

**سىۋېن ھېدىن** ــــ ( 1865-1952 ) شىۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى، تەتقىقاتچى ۋە يازغۇچى. ئۇ ھاياتىدا 40 يىلغا يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلىپ

ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۆچ قېتىم سەپەر قىلغان ۋە قىممەتلىك بايقاشلارنى قولغا كەلتۈرۈپ تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە ماتېرىياللارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇ تەكلىماكانغا قىلغان تۇنجى سەپىرىدە دەندان ئۆيلۈك خارابىسىنى بايقىغان. ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرىدە كىرىوران خارابىلىكىنى بايقىغان ھەمدە لوپنۇر كۆلىنىڭ قۇرۇپ كېتىش ئېھتىماللىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

**قاپتال** — ① تاغ ۋە ئېگىزلىكلەرنىڭ تەكشىلىك بىلەن تۇتاشقان باغرى، يان تەرىپى. ② ئات، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ئۇچىسى بىلەن قۇرسىقى ئارىلىقىدىكى ئىككى يېنى. ③ ئىگەرنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قانىتى.

**قۇمتۇرا مىڭئۆيى** — ئۆگەن دەرياسى باشلىنىدىغان تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان ، بۇددىزىم مەدەنىيىتىگە ئائىت بولغان ئىمارەت .

**مازارباغ مىڭئۆيى** — كۇچا دەرياسى بويىغا جايلاشقان ، بۇددىزىم مەدەنىيىتىگە ئائىت بولغان ئىمارەت .

**قىزىل قاغا مىڭئۆيى** — كۇچا ناھىيىسىنىڭ غەربى شىمالىدىكى تاغ جىلغىسىنى بويلاپ غەربى ۋە شەرقىگە جايلاشقان .

**توغراق ئېقىن مىڭئۆيى** — توقسۇ ناھىيىسىگە جايلاشقان ، بۇددىزىم مەدەنىيىتىگە ئائىت بولغان قەبرە - ئىمارەت قۇرۇلۇشى .

**تۇيۇق مىڭئۆيى** — پىچان ناھىيىسىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى تۇيۇق جىلغىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان قەبرە ئىمارەت قۇرۇلۇشى .

**ئۈچ تۇشۇكلۇك ئۆڭكۈر** — ئاتۇش شەھەر ئۇستۇن ئاتۇش يېزا چاقماق دەرياسى بويىدىكى تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان ئۆڭكۈر .

**گۇمات** — قارىقاش دەرياسىنىڭ بۇرۇنقى نامى .

**كېسەك** — ① قېلىپ ئارقىلىق ھەرخىل ئۆلچەمدە تىك تۆت تەرەپلىك شەكىلدە قۇيۇپ قۇرۇتۇلغان قاتقان لاي . ②) چالما پارچىسى ياكى قاتقان لاي . ③ كېسەككە ئوخشاش قۇيۇلغان .

**مىس** — مېتال ئېلېمېنت بولۇپ، قىزغۇچ قوڭۇر رەڭدە ، كۆچلۈك سوزۇلۇشچانلىقى ، ئېلېكتىر ئۆتكۈزۈشچانلىقى ھەم ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىقى ئىگە . ئۇنىڭ قېتىشمىسى سانائەتنىڭ خام ماتېرىيالى قىلىنىدۇ .

**ئالتۇن** — ① مېتال ئېلېمېنت بولۇپ ، رەڭگى قىزغۇچ سېرىق سوزۇلۇشچان ، خىمىيىۋى خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق پۇل ۋە زىننەت بويۇملىرى ياسىلىدىغان قىممەت باھالىق ئەتىۋار مېتال ؛ زەر. ② كۆچمە . قىممەتلىك ،

بىباھا ، گۇللەنگەن ، تەڭدىشى يوق . ③ كۆچمە . ئالتۇنغا ئوخشاش سارغۇچ قىزىل .

**يىلىم** ـــ دەرەخنىڭ غولى ياكى شاخلىرىدىن شاقىپ چىقىپ قېتىپ قالىدىغان بىر خىل يېپىشقاق نەرسە . ② نەرسىلەرنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاش ، بىرىكتۈرۈش ، چاپلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يېپىشقاق سۇيۇقلۇق .

**جەسەت كۈلى مۇنارى** ـــ بۇددىستلارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن جەسەت كۈلى دەپنە قىلىنغان مۇنار .

**سۇپا** ـــ ① ئولتۇرۇش ياكى يېتىپ قوپۇش ئۈچۈن ئۆي ئىچى پىشايۋان ، هويلا ياكى باغ ـ ۋارانلارغا خىش ياكى كىسەك ۋە تۇپا بىلەن يەردىن 50 ـ 60 سانتىمېتىر كۆتۈرۈپ سېلىنغان قورۇلما ، ئورۇن ؛ ② ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدىكى ئۈستىدە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەمدە ئىگىزلەتكىلى ، تۆۋەنلەتكىلى بولىدىغان ئورنىنى يۆتكىگىلى بولىدىغان رۇستەك .

**كاھىش** ـــ تام ۋە ئۆگزىگە ياتقۇزىلىدىغان قۇرۇلۇش ماتېرىيالى. ئەسلىدە سېغىز لايدىن ياسىلىپ يۇزىگە ساپال سىرى سۈركەپ خۇمداندا كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ياسىلاتتى. ھازىر سېمونت قاتارلىق باشقا ماتېرىياللاردىن ھەر خىل شەكىلدە كۆيدۈرمەيمۇ ياسىلىدىغان بولدى.

**گەج** ـــ بىر خىل ئانئورگانىك بىرىكمە. سۈزۈك كىرىستال بولۇپ، ئاچ سېرىق شاپتۇل چېچىكى ياكى كۈلرەڭ كىلىدۇ. كۆپ قىسمى تەبىئىي چىقىدۇ. ئادەتتە بىناكارلىق قۇرلۇشلىرى، ھەيكەلتاراشلىق نەققاشلىق ساھەلىرىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ، ھەمدە تېڭىقچىلىقتا سۇنغان ياكى چىقىپ كەتكەن ئۇستىخانلارنى گىپىسلاش ماتېرىيالى، تىبابەتچىلىكتە قىززىتمىنى قايتۇرۇش دورىسى قىلىنىدۇ.

**ئېھرام** ـــ ① پىرامىدا. ② ھەجگە بېرىشتىن بۇرۇن مەلۇم ۋاقىت، ئەتىر سېپىش، چاچ ـ ساقاللىرىنى ئېلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىشلاردىن ۋاز كېچىش ۋە مىسىر، ئىراق قاتارلىق مۇسۇلمان دۆلەت چېگرىلىرىغا يەتكەندىن كېيىن ئاق كىيىمگە، تىكىلمىگەن ئاق ئەن رەختلەرگە ئورىلىش: شۇنداق ئاق رەختنىڭ ئۆزى.

**تەكچە** ـــ ئۆي ۋە هويلا تاملارغا چىقىرىلغان قىرماق، ئۇيۇق.

**خانىقا** ـــ ① ئىشان، سوپىلارنىڭ توپلىشىپ بىرلىكتە زىكرىغا چۈشىدىغان زىكرى ـ ئىبادەت قىلىدىغان خانىسى، ئورنى. ② بىر قېتىمدا كۆپرەك ئادەم ناماز ئوقۇشقا بولىدىغان قىلىپ سېلىنغان چوڭ مەسچىت، جامە. ③ چوڭ

مەسچىتلەرنىڭ ناماز ئوقۇلىدىغان، ئادەتتە كەڭ ۋە كاتتا بولىدىغان گۈمبەزلىك خانىسى.

**ۋادەك** ـــ ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ئەتراپىنى تۇسۇش ئۈچۈن ياسىلىدىغان جازا، سالاسۇن ۋە شۇ سالاسۇننى تەشكىل قىلىغۇچى بالداق.

**دەھلىز** ـــ بىر يۈرۈش ئۆينىڭ سىرتقى ئىشىكى بىلەن باشقا ئۆي ئىشىكلىرى ئارلىقىدىكى بوشلۇق كارىدۇر.

**بىكشۇ( بىكسۇ )** ـــ بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىدىكى يۇگۇر ـ يىتىم ئىشلارنى قىلىدىغان راھىبلار.

**ساكيامۇنى** ــ ( مىلادىدىن بۇرۇنقى 563 ـ مىلادىدىن بۇرۇنقى 483 ) گاۋتاما سىدداتارتا ( سۇددۇ داناخاننىڭ شاھزادىسى ) دۇنياۋى چوڭ دىنلارنىڭ بىرى بۇددا دىنىنىڭ ياراتقۇچىسى. ساكيامۇنى مىلادىدىن ئىلگىرى 563 ـ يىلى نىپالنىڭ لائۇمبىن دېگەن يېرىدە توغۇلغان. دادىسى كاپىلاۋاتسۇ دۆلىتى ( قەدىمقى ھىندىستاننىڭ شەرقى شىمالىدا بولۇپ، نىپال بىلەن چېگرىلىنىدىغان رايونغا توغرا كېلىدۇ. ) نىڭ شاھى. ساكيامۇنى 29 يېشىدا تەركىدۇنيا بولۇپ پۈتۈن ئۆمرىنى ھەقىقەت ئىزدەشكە بېغىشلاش قارارىغا كېلىپ ئوردىدىن ئايرىلىپ ھېچنىمىسى يوق سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەن. 35 يېشىدا ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن بۇددا ئايلانغانلىقىغا ئىشەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ھىندىستاننىڭ شىمالى قىسمىدا 45 يىلغا يېقىن ۋاقىت بۇددا دىنىنى تەرغىب قىلغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 483 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

**بۇددىست** ــ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى شەخس، بۇدقا چوقۇنىدىغان ئادەم.

**تىۋىنىش** ــ چوقۇنۇش.

**قازناق** ــ نەرسە ـ كېرەك ساقلىنىدىغان ئىچكىرىكى كىچىك ئۆي، خانا.

**ئىبتىكاپخانا** ــ يۇشۇرۇن ئىبادەت قىلىدىغان ئۆي.

**كېمىر** ــ ① غارسىمان ئۇيۇقچە جاي. ② ئۈستى گۈمبەز شەكلىدە ئەگمە قىلىپ يېپىلغان ئۆي.

**روياپقا چىقىش** ــ ئەمەلگە ئاشماق، ئەمەلدە كۆرۈنمەك، ۋۇجۇدقا كەلمەك، ۋۇجۇدقا چىقماق، ھەل بولماق.

**بېتون** ـــ سىمونت، قۇم، سۇ ۋە شېغىل قاتارلىقلار مەلۇم نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلانغان قۇرلۇش ماتېرىيالى.

**تورغاق** ـــ يىكەن، قومۇشقا ئوخشاش ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەڭ ئۈچىدىكى

www.kitaphumar.com

پۆپۆكى .

**كاناپ** ــ ① كەندىر . ② كەندىر پوستىدىن ئېشىلگەن يىپ ۋە شۇ يىپتىن توقۇلغان رەخت.

**ئىجابىي ئوبراز** ــ ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئاپتور تەرىپىدىن ماختالغان، مەدھىيەلەنگەن، ئىلغارلىقتا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئوبراز.

**سەلبىي ئوبراز** ــ ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئاپتور تەرىپىدىن پاش قىلىنغان، تەنقىد قىلىنىپ قاتتىق سۆكۈلگەن، ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاپتور تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغان ئوبراز.

**ئىبادەتگاھ** ــ ئىبادەت قىلىدىغان جاي ، ئىبادەت قىلىدىغان ئۆي .

**مۇجەسسەم** ــ جەملەنگەن ، يىغىلغان ، توپلانغان .

**نوقۇل** ــ ① يالغۇز ، پەقەت ② تومتاق ، بىر تەرەپلىمە .

**تۆشەك** ــ يېتىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئورۇن ـ كۆرپە .

**چايتا** ــ مىڭئۆيلەردىكى تەبىئىي تۆۋرۈكى بولغان ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياسالغان ئىچى چوڭراق بولغان تاشكېمىرلەرنى كۆرسىتىدۇ .

**ۋىخارا** ــ شەكلى جەھەتتىن سۇزۇنچاق ياكى چاسا شەكىلدە قېزىلغان تۈۋرۈكسىز كېمىرلەرنى كۆرسىتىدۇ . بۇ خىل كېمىرلەر دەرسخانا ، ئىتىكاپخانا ۋە راھىبلارنىڭ ھوجرىلىرى قىلىنغان .

**تام سىزما** ــ تاملارغا سىزىلىدىغان تۈرلۈك شەكىل ۋە رەسىملەرنى كۆرسىتىدۇ .

**مەرەپ** ــ ① مەسچىتنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى تېمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ، يەنى ئىمام تۇرىدىغان ئورۇننىڭ ئۇدۇلىغا ئويۇپ چىقىرىلغان گۇمبەزسىمان قۇرۇلما . ② جۇمە ياكى مۇناسىۋەتلىك نامازلاردا ئىمامنىڭ خۇتبە ئوقۇشى ئۈچۈن تەييارلانغان ، تەكشىلىكتىن ئېگىزرەك بولغان جاي .

**ئۇسلۇپ** ــ ① بىر دەۋر ، مىللەت ، ئېقىم ياكى بىرەر شەخسنىڭ بەدىئىي ئەسەردە ئىپادىلىگەن ئاساسلىق ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىكى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكى ؛ ئىستىلى . ② يازغۇچىنىڭ تىل ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشتىكى ئۆزىگە خاس يولى ؛ ئۇسۇلى .

**نۇسخا** ــ ① بىر تۈرلۈك نەرسىلەردىن ئېلىنغان نەمۇنە . ② بىر خىل قېلىپ ياساش ، كۆچۈرۈش ، بېسىش ئۈچۈن تەييارلانغان نەمۇنە ، ئەندىزە . ③ گۈل ، نەقىش ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ تۈرى . ④ تەتقىقات ئۈچۈن ئېلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئەۋرىشكىسى ۋە ئۈلگىسى . ⑤ باسما ياكى يازما ئەسەرنىڭ ھەر بىر

www.kitaphumar.com

نۇسخىسى ياكى دانىسى . ⑥ بىرەر نەرسىنىڭ ئەسلىگە ئوخشىتىپ ياسالغان ياكى سىزىۋېلىنغان كۆچۈرمىسى . ⑦ رىتسىپ .

**مېتىن** — تاشنى چۇقۇش ۋە كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب .

**ئويما** — ① ئويۇلغان ، ئويۇپ ياسالغان ياكى ئويۇلغان ھالەتتىكى ؛ ② ئويما رەسىم .

**قاپارتما نەقىش** — قاپارتىلىپ ئىشلەنگەن ، بۆرتۈپ چىقىرىلغان نەقىش .

**ئويمىچىلىق** — ئويمىچىلار قىلىدىغان كەسىپ ، ئويمىچىلىق ھۈنىرى .

**گۈمبەز** — قۇببە يەنى قازان شەكلىدە ياسالغان قۇرۇلما. قۇببە تەقلىدىكى نەرسە.

**قۇببە** — ① مەسچىت ۋە بەزى ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىسىگە ئورنىتىلغان يېرىم شار شەكلىدىكى گۈمبەز . ② تۈرلۈك نەرسە ۋە بۇيۇملارنىڭ شارسىمان ياكى يېرىم شارسىمان بىرىكى .

**مەدرىسە** — ئىسلام دىنى بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان ئالى مەكتەپ ، بىلىم ئېلىش ئورنى .

**ئېتىكا** — ئەخلاق ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى ، تەرەققىياتى ، كىشىلەر ھەرىكىتىنىڭ مىزانى ، كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ، كىشىلەرنىڭ ، دۆلەتكە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تەلىمات .

**قەبىھ** — كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان ، نەپرەتلەندۈرىدىغان ، سەسكەندۈرىدىغان رەزىل ، يارىماس .

**ئەۋرىشىم** — ① يىپەك ، مەشۇت ، ② كۆچمە . ئېگىلىشچان ، نازۇك ، زىلۋا .

**ئىجتىمائى** — ① كىشىلىك جەمئىيەتكە ، كىشىلەر پائالىيىتىگە ، كىشىلەر ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ياكى ئائىت بولغان . ② جەمئىيەتنىڭ، ئامىمىنىڭ سىياسى ، مەدەنىي ۋە باشقا ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ئىختىيارى رەۋىشتە خىزمەت قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان . ③ ئاممىغا ، ئومۇمغا تېگىشلىك ، ئومۇمى .

**كىلىمات** — مەلۇم بىر رايوننىڭ كۆپ يىللىق كۈزىتىش ئارقىلىق خۇلاسىلەپ چىقىلغان ھاۋارايى ئەھۋالى ، ئادەتتە ئۇ ھاۋا ئېقىمى، كەڭلىك گىرادۇسى ، دېڭىز ئورنىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ، ۋە يەر شەكلى قاتارلىق ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ .

**ساغرام** — بۇددا ئىبادەتخانىسى، بۇتخانا.

**نەمۇنە** ــــ ① كىشىلەر تەقلىد قىلىدىغان، دورايدىغان، ئۆگىنىشكە، ئۈلگە ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ئادەم، ئىش، نەرسە ياكى ئۇسۇل. ئۈلگە، تىپ. ② بىر تۈردىكى نەرسىلەرنىڭ تەتقىقات ئۈچۈن تاللىۋېلىنىغان نۇسخىسى، ئەۋرىشكىسى. ③ مىراس ياكى خاتىرە ئۈچۈن قالدۇرۇلغان يالداما، يادىكارلىق.

**بۇددىزم** ــ بۇددا دىنى.

## 11. تۇرپان كارىزلىرى

**نامايەندە** ــ ① بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇھقا ياكى بىرەر ساھەگە، ئېقىمغا مەنسۇپ بولغان، ۋەكىل خاراكتېرلىك شەخس، ۋەكىل. ② ئوخشاش تۈردىكى نەرسىلەر ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر، ئەڭ ئالىي ئورۇندا تۇرىدىغان نەرسە، ئۈلگە.

**جەۋھەر** ــــ ① قىممەت باھالىق تاشلارنىڭ ئومۇمىي نامى. ② كۆچمە مەنىسى : بىرەر شەيئىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى، مېغىزى، يادىروسى. ③ كۆچمە مەنىسى: مەلۇم ئەجىر، تىرىشچانلىقنىڭ تىرىشچانلىقنىڭ مېۋىسى، نەتىجىسى. ④ كۆچمە مەنىسى : مەلۇم بىر ئىش ياكى مەلۇم مەسىلىنىڭ ئاساسلىق، ئەھمىيەتلىك قىسمى.

**هامىيسى** ــــ يۆلىگۈچىسى، ئاسرىغۇچىسى، ھىمايىچىسى، قوللىغۇچى، يۆلەنچۈكى، تەرپىنى ئالغۇچى.

**سەدىچىن سېپىلى** ــ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردە چىن شىخۋاڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ، شىمالدىكى ھونلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەر قايسى بەگلىكلەر قۇرغان سېپىللارنى تۇتاشتۇرۇش ئاساسىدا سالدۇرغان ئۇزۇن سېپىل . غەرپتە جيايۈيگۈەندىن باشلىنىپ شەرقتە شەنخەيگۇەندە ئاياغلىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 6700 كىلومېتىر كېلىدۇ .

**بېيجىڭ ـ خاڭجۇ قانىلى** ــــ ئىلمىزنىڭ سۈنئىي سۇ يولى دەۋرىدە ياسالغان . جەنۇبىنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەشتە پايدىلىنىش ۋە جەنۇب ـ شىمال ئارىسىدىكى قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ قېزىلغان سۇنئىي سۇ يولى .

**قورۇقتاغ** ــــ تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى قىسمىغا جايلاشقان تاغ بولۇپ ، شەرقى تەرىپى ئارغۇ ـ بۇلاقنىڭ تاغلىرى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ .

**ئىدىقۇت** ــــ تۇرپاندىكى ئىدىقۇت قەدىمى شەھىرىنىڭ نامى بۇ قەدىقى شەھەر

مىلادىيە 850 ـ يىلىدىن 1250 ـ يىللارغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى شەھىرى بولغان . خانلىقنىڭ نامىمۇ شۇ شەھەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان .

**مۆجىزە** ـــ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئادەتتىن تاشقىرى ئىش ، ھادىسە ، نەرسە .

**ئىنشائات** ـــ مەلۇم مەقسەتلەر ئۈچۈن سېلىنغان تۈرلۈك قۇرۇلۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ جاھازا ئۈسكۈنىلىرى .

**پارلاق** ـــ ① پارلاپ، نۇر چىچىپ تۇرىدىغان، روشەن؛ نۇرلۇق. ② كۆچمە مەنىسى : رۇناق تاپقان، باياشات، شانلىق.

**مېھنەتكەش** ــ مېھنەت، ئەجىر قىلىپ كۈن كەچۈرىدىغان، مېھنەت سۆيەر.

**ئاجايىبات** ـــ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان، غەيرىي كۆرىنىدىغان نەرسىلەر ياكى ۋەقە ـ ھادىسىلەر.

**تەشنە** ــ ① تۆشۈك ئاچىدىغان، تېشىدىغان. ② تۈشۈك، كامار.

**تىلما** ـــ ① تىلىپ كېسىلگەن، يېرىلغان، پارچىلانغان. ② كارىز سۈيىنىڭ ئېقىپ چىققان جايى. ③ تاياقچە باكتېرىيىلىرىدە بولىدىغان بىر خىل ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. ئاساسەن ھەزىم قىلىش يوللىرى ۋە تېرىدىكى جارائەت ئارقىلىق يۇقىدۇ.

**كارىزشۇناس** ــ كارىز قۇرلۇشى توغرىسىدا سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى ئالىم ۋە مۇتەخەسسىس.

**ئېنېرگىيە** ــ ماددىلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆلچەيدىغان بىر خىل فىزىكىلىق مىقدار. ئادەتتە ماددىلارنىڭ ئىش قىلىش ئىقتىدارى دەپ چۈشىنىدۇرۇلىدۇ. ئېنېرگىيىنىڭ ئاساسىي تىپلىرى : پوتېنسىئال ئېنېرگىيە، ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى، ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى، ماگنىت ئېنېرگىيىسى، يورۇقلۇق ئېنېرگىيىسى، خىمىيىلىك ئېنېرگىيە ۋە ئاتوم ئېنېرگىيىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بىر خىل ئېنېرگىيە يەنە بىر خىل ئېنېرگىيىگە ئۆزگىرەلەيدۇ. ئېنېرگىيىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى قۇۋۋەت بىرلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**قەيت قىلىنىش** ــ ① تەكىتلىنەمەك، تەكىتلەپ ئۆتمەك، قەيت قىلماق؛ ② يازما، يېزىپ قويماق.

**يىپەك يولى** ــ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئېچىلغان ، جۇڭگودىن غەربىي ئاسىياغا ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا مال توشۇلىدىغان سودا يولى . بۇ يولدا

www.kitaphumar.com

جۇڭگونىڭ يىپەك ۋە يىپەك بۇيۇملىرى چاڭئەندىن خىشى كارىدۇرى ئارقىلىق ھازىرقى شىنجاڭدىن ئارىساكاقا ۋە غەربىي ئاسىيا ھەم ياۋروپادىكى رىم ئىمپېرىيىسىگە توشۇلغان .

**تۈركىلوگ** ــ تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى، ئۆرپ ـ ئادىتى، تىل ـ يېزىقى ۋە شۇ قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىم، مۇتەخەسسىس.

**ئارخېئولوگ** ــ ئارخېئولوگىيە بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئالىم، مۇتەخەسسىس.

**ئۇيغۇرشۇناس** ــ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى، تىل ـ يېزىقى ۋە شۇ قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس.

**فولىكلورشۇناس** ــ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ساھەسىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى ئالىم، مۇتەخەسسىس.

**ئالتايشۇناس** ــ ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى، تىل ـ يېزىقىنىڭ تارىخى ۋە يېزىق سىستېمىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس، ئالىم.

**پروفېسسور** ــ ئالىي مەكتەپلەردىكى ئالىي دەرىجىلىك ئىلمى ئۇنۋان ئالغان ئوقۇتقۇچى .

**دوكتور** ــ ئىلمىي ئۇنۋاننىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى ياكى شۇ دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن ئالىم.

**لېكسىكا** ــ ① بىرەر تىل ياكى دىئالېكتىكى سۆزلەر يىغىندىسى . ② لېكسىكولوگىيە .

**ئىختىرا** ــ پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن يېڭىلىق؛ كەشىپ، كەشپىيات، ئىجاد.

**شەكسىز** ــ شەك يوق، ئېنىق، شۈبھىسىز، گۇمانسىز، مۇقەررەر، چوقۇم.

**راك** ــ ① بۇغۇم ئاياغلىق ھايۋان بولۇپ،تېنى ئۇزۇن بولۇپ باش، قورساق ۋە كۆكرەك قىسمىدىن تۈزۈلگەن . تېنىنىڭ سىرتىدا قاسراق ماددىسىدىن تۈزۈلگەن قارىچۇقى بولىدۇ. ② ئۈستۈنكى تېرە ھۈجەيرىلىرىدىن شەكىللەنگەن يامان سۈپەتلىك ئۆسمە. ③ ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام» نىڭ بىرىنچىسىنىڭ نامى .

**كەشىپ قىلىش** ــ تېپىش ، ئىجاد قىلىش ، يارىتىش ، بەرپا قىلىش ، ئىچىش.

**جىلۋىگەر** ــ جىلۋە قىلىدىغان ، نۇرلۇق ، پارقىراق ،

**ئابىدە** ــ ① قەدىمقى شەھەر، مەھەللە، مۇنارلار ۋە قەبرە. ② قەبرىگاھلارنىڭ

يۇلغا ياكى ئۇنىڭ ئالدىغا تىكلەپ قويۇلغان ئۇستىگە ئەستىلىك خەت ـ ئىبارىلەر ياكى سۇرەتلەر چىكىلگەن چوڭ خاتىرە تاشلار.
**كۆزنەك** ــ ① دەرىزىنىڭ ھەر بىر كۆزى . ② كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ يىڭنە ئۆتىشىدىغان تاختىسىمان دېتالى. ③ سىيرىلىما قازاننىڭ ئوق بىلەن كېسىشىدىغان قىسمى .

## 12. ئاپاق خوجا مازىرى

**راھىلە داۋۇت ئەلچىن** ــ 1966 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ دوتسېنتى ، دوكتور. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ، دىن فولكلورى قاتارلىق ساھەلەردە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ « دۇنيا مىللەتلىرى » ، « ئۇيغۇر مازارلىرى» ، « ئۇيغۇرلارنىڭ مازار مەدەنىيتى » قاتارلىق كىتابلىرى نەشىر قىلىنغان.
**ئاپاق خوجا** ــ دىيارىمىزدىكى ئىسلام دىنى ئاق تاغلىقچىلار مەزھىپىنىڭ قەشقەردىكى مەشھۇر پېشۋاسى ئاپاق خوجا ( ھىدايىتۇللا خوجا ) 1625 ـ يىلى قومۇلدا تۇغۇلغان. ئۇ غالدان باشچىلىقىدىكى جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى بىلەن بىرلىشىپ 168 يىل سەلتەنەت سۈرگەن يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى يىمىرىپ تاشلاپ، ئۇيغۇر خەلقىنى مىسلىسىز ئازاپ ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر قىلغان. 1693 ـ يىلى رەقىبلىرى تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.
**مەزھەپ** ــ ① دىندىكى قاراش، چۈشەنچىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىققان دىنىي تارماقلار. ② ئۆز قاراشلىرى ۋە ئەقىدىلىرى بىلەن باشقىلاردىن ئاجرىلىپ تۇرىدىغان گۇرۇھ.
**پېشۋا** ــ مەلۇم بىر ساھە ياكى بىر ئىشتا يولباشچى، يېتەكچى شەخس.
**تاقىيە** ــ دوپپىنىڭ بىر تۈرى ، تەقىيە .
**ھەزرەت** ــ ① كۆپىنچە ھەزرەتلىرى شەكلىدە ئۇلۇغلاش ، ھۆرمەتلەش مەنىسىدە كېلىدۇ. ② ھۆرمەت يۈزىسىدىن بەزى شەخسلەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ تەخەللۇسى ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. ③ قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئاپاق خوجا مازىرى جايلاشقان يېزىنىڭ نامى.
**بەرپا قىلىش** ــ بارلىققا كەلتۈرۈش ، ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش .
**مەلۇمات** ــ ① ئوقۇش ، ئۆگىنىش نەتىجىسىدە ئېگەللىگەن بىلىم ،

www.kitaphumar.com

ئىلىمى سەۋىيە . ② بىرەر نەرسىگە دەلىل بولىدىغان خەۋەر ، ئۇچۇر ، ئاخبارات ، ماتىريال .

**مىرزا شاھ مەھمۇت جوراس** ــــ يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر تارىخچى ، ئەدىپ ، ئۇنىڭ « تارىخى رەشىدى » ناملىق مەشھۇر ئەسىرى بار .

**كۇتۇپخانا** ــــ كىتاب ۋە ژورنال ۋە شۇ قاتارلىقلارنى توپلاش ، رەتلەش ، ساقلاش ۋە كىشلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىش مەشغۇلاتىنى ئېلىپ بارىدىغان ئورۇن .

**پەشتاق** ــــ ① بىنالارنىڭ ئالدى تەرىپىگە ، ئالدى كۆرۈنىشىگە چىقىرىلغان ھەشەمەتلىك قۇرۇلما ، ② خانقا ۋە مەسچىتلەردىكى مەزىن ئەزان ئېيتىدىغان ، ھېيىت _ ئايەم ، مۇراسىم كۈنلىرى ناغرا ـ سۇناي چالىدىغان جاي . ③ ئېگىز كۆتۈرۈلگەن پەلەمپەيلىك سۇپا ؛ پەلەمپەيىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتى . ④ ئايرودروملاردىكى ئايرۇپىلان بىلەن ئالاقىلىشىدىغان خەۋەرلىشىش ئورنى ، شەكلى مۇنارغا ئوخشايدۇ . ئۇنىڭغا رادىئو خەۋەرلىشىش ئاپاراتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ .

**دىئامېتىرى** ــــ چەمبەر ياكى شارنىڭ مەركىزىدىن ئۆتۈپ ، ئۇنىڭ ئىككى نوقتىسىنى تۇتاشتۇرغۇچى تۈز سىزىق .

**سەر** ــــ ① باش ، كاللا . ② ئالدىنقى قاتاردىكى خىللانغان ، باشلامچى . ③ ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى . بىر جىڭدىن ئوندىن بىرى .

**ۋەخپە** ــــ ① مۈلۈك ئىگىسى تەرەپتىن مەسچىت ، مەدرىسە ، مازارلارنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلغان مۈلۈك . ② مۈلۈك ئىگىسى تەرىپىدىن مەسچىت ، مەدرىسە ، مازارلارنىڭ ئىختىيارىغا تەقدىم قىلىنغان ؛ ۋەخپە يەرلەر .

**قورۇق** ــــ ① ئۆي ـ ئىمارەتلەر سېلىنغان دەل ـ دەرەخ ، باغ ـ ۋارانلىق دېھقانچىلىق مەيدانى ، ئېكىنزار . ② ئېكىنزار ياكى باغ ، ھويلا ـ ئارام قاتارلىقلارنىڭ سىرتىدىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن سېلىنغان ، نىسبەتەن پاكار تام .

**جامە** ــــ جامائەتلەر توپلىشىپ ، جۈمە نامىزى ۋە ھېيىت نامازلىرىنى ئوقۇيدىغان ئەڭ چوڭ مەركىزى مەسچىت .

**مەسچىت** ــــ مۇسۇلمانلارنىڭ جەم بولۇپ ناماز ئوقۇيدىغان ئىبادەتخانىسى ؛

**قەيت قىلىنىش** ــــ ① تەكىتلىمەك ، تەكىتلەپ ئۆتمەك ، قەيت قىلماق ؛ ② يازما ، يېزىپ قويماق .

**شەرپە** ــــ ① قورلۇشلاردىكى مېھرابنىڭ كىچىكلىتىپ چۈشۈرۈلگەن شەكلى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى؛

**هاراق** ــــ I ئاشلىق، يەل ـ يېمىشلەرنى ئېچىتىش ئارقىلىق ياسىلىدىغان، كەيىپ قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە يۇقىرى گرادۇسلۇق ئىچىملىك؛ II جەگىنىڭ تېگىگە تام بويلاپ قويۇلىدىغان ياغاچ.

**لىم** ــــ ① جەگە؛ ② قورلۇش ئۆرۈنلىرىدىكى ئۆي يېپىش ياكى باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان بادرىدىن يوغان، ئۇزۇن ياغاچ.

**جەگە** ــ ئۆي قورلۇشلىرىدا خانىڭ ئۇستىگە توغرا سېلىنىپ، ئۇستىگە ۋاسا تىزىلىدىغان ياغاچ.

**پەنجىرە** ــ ① ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ يورۇق بولۇشى ۋە هاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىشى ئۈچۈن ياغاچ ياكى تۆمۈردىن تارغاقسىمان ياكى ئۇششاق كاتەكچە چىقىرىپ ياسالغان جاهاز؛ ② ياغاچ ياكى تۆمۈردىن يانمۇ ـ يان قىلىپ تارغاقلا ئوخشاش ياسالغان تۇسقۇ، شادا.

**شەربەت** ــ ① پىشقان هۆل مېۋىنىڭ تەركىبىدىكى قەنت ماددىسى، شىرنە؛ مېۋە سۈيى. ② مېۋىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا سېلىپ قاينىتىشتىن هاسىل بولغان سۈيۈقلۇق.

**ئەگمە** ــــ ① ئېگىلگەن، ئېگىلىپ ياسالغان؛ ياي شەكىللىك. ② ئېگىلگەن جاي.

**يوپۇق** ــــ ① ئات ئۇلاغنى سوغۇقتىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئۈچىسىغا يېپىپ قويۇلىدىغان يېپىنچا. ② بىرەر نەرسىنىڭ ئۈچۈق تۇرماسلىقى ئۈچۈن يېپىلىدىغان پەردە.

**چاسا** ــــ ① تۆت تەرىپى تەڭ بولغان، تۆت بۇرجەك شەكىلدىكى؛ كۋادرات. ② شەھەر جىڭلارنىڭ مەركىزى كۈچىسى، رەستە.

**ئايۋان** ــ هويلىنىڭ ئۇستى يېپىلغان قىسمى، پېشايۋان؛

**ۋادەك** ــ ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ئەتراپىنى تۇسۇش ئۈچۈن ياسىلىدىغان جازا، سالاسۇن ۋە شۇ سالاسۇننى تەشكىل قىلىغۇچى بالداق.

**ۋاسا جۈپ** ــــ بىر ـ بىرىگە يانداشتۇرۇپ ئارىلىق قالدۇرماي سىجىل قويۇلغان ۋاسا.

## يېزىقچىلىق ۋە ئاغزاكى ئالاقە

**خىلۋەت** ــ كۆپ كىشى بارمايدىغان، ئادەملەردىن خالى، كۆزدىن يىراق، ھېچكىم كۆرمەيدىغان، خالى، چەت، ياقا.
**ديانەتلىك** ــــ ① ديانەتتى بار، ۋىجدانلىق، ئىنساپلىق. ② دىنىي ئەخلاق قائىدە ـ نىزاملارغا رىئايە قىلىدىغان.
**قىرلىق داغلىرى** ــ ياشانغانلارنىڭ بويني، قولىنىڭ دۈمبىسى، يۈزىنىڭ ئىككى تەرىپى ۋە بىلىكى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئۆيەر ـ بۆيەرلىرىدە پەيدا بولىدىغان چوڭلۇقى ئوخشاش بولمىغان قوڭۇر رەڭلىك داغلار.
**ئۈيۈپ** ــ ئورناش، قېتىش.
**ئادەۋەت** ـــ ئۆز ـ ئارا چىقىشالماسلىق ياكى قارىمۇ ـ قارشىلىق، دۈشمەنلىك مۇناسىۋەت؛ گىنە، خۇسۇمەت، ئۆچمەنلىك.
**قاغجىرىغان** ــ بەك ئۇسساپ قۇرۇپ كەتكەن.

## مەخسۇس تىما ئات

**بۇفۇن** ـــ (1707ـ 1788) فىرانسىيىلىك مۇزىيشۇناس، يازغۇچى. ئۆمۈر بۇيى ئوردا بېغىنى پەرۋىش قىلغان. ئۇنىڭ 40 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان «تەبىئەت تارىخى» ناملىق يىرىك ئەسىرى بار.
**يال** ــ ئاتنىڭ بويۇن قىلى.
**ئېنىسكلوپېدىيە** ــ ئىلىم ـ پەننىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياكى بىرەر ساھە بۆيىچە كەڭ، تولۇق مەلۇمات بېرىدىغان لوغەت تىپىدىكى ئىلمىي توپلام، قامۇس.
**مۇئەللىپ** ـــ يازغۇچى ، ئاپتور .
**فىرما** ـــ چارۋىچىلىقنىڭ مەلۇم بىر تارمىقى ، بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ، ئالاھىدە ئىختىساسلاشقان ئىگىلىك ؛ مەيدان .
**قىياق** ـــ I قىياق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك . كۆپۈنچە نەم ئورۇنلاردا ، سۇ بويلىرىدىكى قۇمساڭ جايلاردا ئۆسىدۇ . يوپۇرمىقى لېنتا شەكىللىك ، پارقىراق ، باشىقى قوڭۇر . يەر ئاستى تۈگۈنەك يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ . ئاغرىق پەسەيتىش، ھەيزىنى تەڭشەش رولىغا ئىگە . II قىيا ، قىيپاش .
**لىباس** ـــ كىيىم ؛ ئۈستى كىيىم .
**چۇغاي** ـــ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى يىنشەندىن خوخوتقىچە

www.kitaphumar.com

سوزۇلغان تاغلارنى كۆرستىدۇ . تاڭ سۈلالىسى دەۋرىدە تاڭ سۈلالىسى بىلەن ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئات ـ يىپەك سودىسى چېگرادىكى چوغاي تىغى ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلغان، مۇشۇ تاغ بىسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇھىم ئۆتكەل بولغان .

**بېشبالىق** ـــ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدا تەسىس قىلىنغان ئايماق ۋە بۇ ئايماقتا قاراشلىق جايلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى .

**بەيگە** ـــ ① ئات چاپتۇرۇش مۇسابىقىسى . ② كۆچمە . مۇسابىقە ، بەسلىشىش .

**ئاساۋ** ـــ بويسۇندۇرۇلمىغان ، ئادەمگە ئۆگەنمىگەن ، شاش .

**توسۇن** ـــ شاش ، كۆندۈرلمىگەن .

**قىمىز** ـــ ئات ياكى تۆگە سۈتىنى ئېچىتىپ ئىشلەنگەن بىر خىل ئىچىملىك. ئازراق كەيىپ قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**لەقۋا** ـــ ① كاللىسى تىز ئىشلەپ كەتمەيدىغان ، ئەقلى كەم ؛ كالۋا ، دۆت . ② پالەچ ، پالاكەت ، زەئىپ .

**قولۇن** ـــ ئاتنىڭ يېڭى تۇغۇلغان ياكى بىر ياشقا توشمىغان بالىسى.

**رودبېمنت** ـــ جانلىقلار تېنىنىڭ مەلۇم قىسىملىرى تەدرىجى تەرەققىيات جەريانىدا كىچىكلەپ كېتىدىغان، تۇزۇلىشى ئاددىيلىشىدىغان، رولى ئاجىزلاپ ھەتتا پۈتۈنلەي يوقۇلۇپ كېتىدىغان بىر خىل ھادىسە.

**ئابدۇرېھىم راخمان** ـــ 1970 ـ يىلى قومۇلدا توغۇلغان. شىنجاڭ ئونىۋېرسىتىتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. « مەھمۇد كاشغەري » ناملىق كىتابچىسى نەشىر قىلىنغان.

**ئارغۇن** ـــ قۇتاز بىلەن يەرلىك ياكى باشقا نەسىللىك كالىلارنى چېتىشتۇرۇش ئارقىلىق كېلىپ چىققان بىرىنچى ئەۋلاد شالغۇت.

**مىراخۇر** ـــ خان، پادىشاھ ئوردىلىرىدىكى ئات باقارلار باشلىقى.

**ئاسىموۋ** ـــ (1920 ـ 1992 ) ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر ئىلمىي فانتازىيە ھېكايە يازغۇچىسى. 1920 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىمولىنكى شەھىرىدە توغۇلغان. 1958 ـ يىلىدىن باشلاپ يازغۇچىلىق ھاياتىنى باشلىغان، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 1979 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە 200 پارچىدىن ئېشىپ كەتكەن. تولۇق ئىسمى ئىساك ئاسىموۋ.

**چەۋگەن** ـــ قارىغا ئېلىش، مەرگەنلەش.

**تۇرك قامۇسى** ـــ مۇكەممەل، تولۇق، ئېنىسكلوپېدىيىلىك لوغەت بولۇپ

www.kitaphumar.com

تۈرك مىللىتىنىڭ كىتابى.

**مۇپاسىل** — كىسەلنىڭ نامى .

## 14. هۆكۈمران ۋە قانۇن

**نازۇك** — ① ئىنچىكە، زىلۋا. ② يۇقىرى ماھارەت ۋە كۆپ ئەجىر بىلەن ئىشلەنگەن، ئىشلىنىشى نەپىس، ئېسىل؛ مۇرەككەپ، چىگىش. ③ ئۆزگە خاس قېيىن تەرەپلىرى بولغان، ئالاھىدە ماھارەت، بىلىم تەلەپ قىلىدىغان؛ ئۇرۇنلاش، بىجىرىش ئەڭ قىيىن بولغان. ④ سۇيۇملۇك، يېقىملىق، ئۇماق، كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان. ⑤ كۆچمە مەنىسى : ئالاھىدە ئېتىبار تەلەپ قىلىدىغان؛ تۈرلۈك تەسىرلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، بىرەر نەرسىنى ئاسان قوبۇل قىلىدىغان، سۆز- ھەرىكەتكە نىسبەتەن سەزگۈر، ئەمما گەپ كۆتۈرەلمەيدىغان. ⑥ سىلىق، يېقىملىق، نازاكەتلىك، ئەۋرىشىم. ⑦ كۆچمە مەنىسى : ئاجىز، بوش، زەئىپ، چىدامسىز. ⑧ سىرلىق، كىشىنى ھەم سۇيۇندۇردىغان ھەم ئەنسىرىتىدىغان. ⑨ ئايالّلارنىڭ ئىسمى.

**ھېس- تۇيغۇ** — ھېس ۋە تۇيغۇ، ھېسسىيات.

**زىل** — ① بوم ياكى توم ئەمەس، ئىنچىكە، يېقىملىق ( ئاۋاز ھەققىدە) ② سىلىق، چىرايلىق، ئىنچىكە.

**ئۇسلۇب** — ① بىرەر دەۋر، مىللەت، ئېقىم ياكى بىرەر شەخسنىڭ بەدئىي ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئاساسلىق ئىدىيۋى ئالاھىدىلىكى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكى. ② يازغۇچىنىڭ تىل ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشتىكى ئۆزگە خاس يولى، ئۇسۇلى.

**ئىلە** — بىلەن.

**بىلە** — بىلەن.

**قايۇ** — قايسى.

**بەگ** — ① بۇرۇنقى مەنىۋى ئەمەل ۋە شۇنداق ئەمەل ئالغان كىشى؛ ② مۇراجەت ۋە ھۆرمەت سۆزى. ③ كىشى ئىسىملىرىنىڭ كەينىگە كېلىپ ھۆرمەت نامىنى بىلدۈرىدۇ.

**يۇرۇتۇش** — يۇرگۈزۈش، يولغا قويۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىزچىللاشتۇرۇش.

**سۆزۈن** — سۆزىنى.

**ھۆكۈمران** ــ ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچى؛ ئالىي ھوقۇق ۋە ھاكىمىيەت ئىگىسى.
**زۇلۇم** ـــ ① كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارغا، زالىملارنىڭ مەزلۇملارغا، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارغا سالىدىغان جەبىر-جاپاسى؛ شەپقەتسىز ئېزىش؛ ئىستىبداتلىق. ② ئومۇمەن جەبىر- جاپا، مۇشەققەت.
**نىمەت** ـــ ① يېمەك ـ ئىچمەك، ئوزۇق ـ تۈلۈك. ② ياخشى ئىش، ياخشىلىق.
**ئۇلسا** ــ بولسا.
**مۇستەبىت** ــ زالىم ھۆكۈمران، ئىستىبداد.
**ئىدارە قىلىش** ـــ ①باشقۇرۇش، تەرتىپكە سېلىش. ② بەلگىلىك بىر تەرتىپتە بويسۇندۇرۇش؛ تىزگىنلەش، باشقۇرۇش.
**بېيىت** ــ ① ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان ياكى ئېيتىلغان ئىككى مىسرالىق نەزمە. ② شۇ ژانىردا يېزىلغان شېئىرىي پارچە.
**ئارتار** ــ ئاشار، كۆپىيەر.
**ساھىبقىران** ـــ جاھانگىر، بەختىيار، بەختكە ئېرىشكەن، بەختى ئېچىلغان.
**ئارسلان** ـــ ① مۇشۇكسىمانلار ئائىلىسىگە كىرىدىغان سۈت ئەمگۈچى يىرتقۇچ ھايۋان. ② باتۇر، قەيسەر، زەبەردەست، قورقماس، قاپ يۈرەك. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

## 15. ھېكايەت

**شەيخ سەئدى** ـــ ( 1209 ـ 1292 ) تولۇق ئىسمى شەيخ مۇسلەھىددىن سەئدى شىرازى، كىلاسسىك پارس شائىرى. « گۈلىستان » ، « بوستان » ناملىق ئىككى مەشھۇر كىتابى بار.
**ھېكايەت** ــ ① بىرەر كىشى، نەرسە، ۋەقە ياكى ھادىسە ھەققىدە ئاغىزاكى بېرىلىدىغان ئاخبارات ياكى مەلۇمات؛ بىرەر نەرسىنىڭ ئاغىزاكى بايانى، تەپسىلاتى. ② نەسرىي يول بىلەن يېزىلغان كىچىكرەك بەدىئىي ئەسەر.
**دانا** ــ ① يىراقنى كۆرەر ئەتراپلىق ئويلايدىغان ، دانىشمەن، ئاقىل . ② ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن ئېيتىلغان ، ئەقىل ـ پاراسەتتىن دالالەت بېرىدىغان ، ئاقىلانە .

**شۆھرەت** ــــ ① ياخشىلىق بىلەن خەلقنىڭ ئىچىدە ئىرىشىلگەن نام ـ ئابروي ، ئىناۋەت ؛ ئاتاق ، داڭق . ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى .

**ئاقىل** ــ ئەقىللىق ، دانا .

**ئىللەت** ــــ ① بەدەندىكى دەرد، كېسەللىك ، كەمتۈكلۈك ؛ ئاغرىق . ② بىرەر ئىشقا سەۋەپ بولغان كەمچىلىك ؛ ئەيىب ، نوقسان .

## 16. هازىرقى زامان شېئىرلىرىدىن نەمۇنە ئايرىلمىغىل

**ئابدۇخالىق ئۇيغۇر** ــــ ( 1901 ـ 1933 ) ۋەتەنپەرۋەر شائىر، تۇرپاندا توغۇلغان. ئۇيغۇر ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى. ئۇ خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش غايىسى بىلەن نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان. مەرىپەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 32 يېشىدا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان. ئۇ 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە مەشھۇر شائىر.

**ھىممەت** ــــ باشقىلارغا قىلىنغان ياخشىلىق ؛ ياردەم ، مەرھەمەت ، غەمخورلۇق ، ساخاۋەت .

**مانئىلىك** ــــ دۈشمەن ، قارشى چىققۇچى ، توسالغۇ بولغۇچى .

**بەھرى** ــــ ئېقىن .

**تاڭ قېلىش** ــــ ھەيران قېلىش.

**ياۋ** ــــ ئۇرۇش ، جەڭدىكى قارشى تەرەپ ، دۈشمەن ، رەقىپ .

**نىچۈك** ــــ ① قانداق . ② نېمە ئۈچۈن . ③ ھەر قانداق .

**كەبى** ــ ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرگە بىرىكىپ كېلىپ « دەك، تەك» ، «غا ئوخشاش » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تىغ** ــــ ① قىلىچ، خەنجەر، پىچاق، نەيزە قاتارلىق پولات ـ تۆمۈردىن سوقۇلغان ئەسۋابلارنىڭ ئومۇمىي نامى؛ ② تۇرلۇك قورال، ھەر خىل ئەسۋاب، ماشىنا ئۈسكىنىلەرنىڭ كەسكۈچى قىسمى،پىچىقى. ③ كۆچمە مەنىسى : ئىش ـ ھەرىكەت، پائالىيەت، گەپ ـ سۆز، ماقالە ـ ئەسەر قاتارلىقلارنىڭ يۈزلىنىش ھۇجۇم قىلىش، زەربە بېرىش خاراكتېرىنى ئالغان ئاساسى، مۇھىم نوقتىسى. ④ كۆچمە مەنىسى : يالغۇز، يېگانە، تەنھا.

**ئۇشبۇ** ــ مانا شۇ، مەزكۇر.

**ۋىجدان** ــ كىشىنىڭ ئۆز ھەرىكىتى، قىلمىشى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى ھەققىدە

جەمئىيەت ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ؛ ئىنساب، دىيانەت.

**ئېتىبار بېرىش** ــ ① دىققەتتىنى بېرىش، نەزەر سېلىش، ② نەزەرگە ئېلىش، ئىززەتتىنى قىلىش. ③ كۆڭۈل بۆلۈش.

## بىلىم ئىشقىدا

**رەنا** ــ ① كېلىشكەن، گۈزەل، چىرايلىق. ② ئايالىلارنىڭ ئىسمى.

**ئىچىرە** ــ ئىچىدە، ئارىسىدا.

**يار** ــ I ① ئەڭ يېقىن كىشى ، بۇرادەر ، ئاغىنە ؛ ② ئۆز ـ ئارا تۇنۇشقان ، مۇھەببەتلەشكەن ؛ مەشۇق . ③ كۆچمە . مەدەت ، ئىلھام ، يار ـ يۆلەك . II سۇ ، تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن شەكىللەنگەن ئىنتايىن تىك چوڭقۇرلۇق ؛ يارداڭ ، قىيا .

**ئۆزگە** ــ ① ئۆزىدىن باشقا كىشى ؛ ناتونۇش ئادەم. ② ئۆزى بىلمەيدىغان، تونۇمايدىغان ؛ ئۆزى بىلەن تونۇشلۇقى يوق ، يات، باشقا ؛ تىلغا ئېلىنغان ئادەم ياكى نەرسىدىن تاشقىرى.

**گاھىدا** ــ ئايرىم چاغدا، ئايرىم ۋاقىتتا، بەزىدە.

**نەپسى** ــ ① كىشىلەردىكى يېيىش ـ ئىچىش، مال ـ دۇنياغا بولغان ھەۋەس، قىززىقىش. ② شەھۋانىي ھەۋەس، تەلەپ.

**خار** ــ ① ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان ، ئەزىز ئەمەس ، كەمسىتىلگەن . ② قىممىتى يوق قەدىرسىز . ③ (خا ) ئۆي ئۆگزىسىگە سېلىنغان جەگىلەرنى كۆتۈرۈش ئۇچۇن ئىككى ئۇچى تامنىڭ بېشىغا قويۇلىدىغان چوڭ لىم ياغاچ .

**پاراغەت** ــ ① كىشى ئارام ئالىدىغان ئەھۋال، شارائىت، تىنىچلىق ؛ راھەت. ② ئايالىلارنىڭ ئىسمى.

**ھەمكار** ــ بىرەر ئىشنى باشقىلار بىلەن بىرگە بىجىرگۈچى، ياردەملەشكۈچى.

**ئاڭا** ــ ساڭا.

**غەمخار** ــ غەمخورلۇق قىلغۇچى، غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلغۇچى، كۆيۈنگۈچى، مېھرىنى بەرگۈچى ؛ غېمىنى يېگۈچى.

**مەجرۇھ** ــ ① يارىلانغان، جاراھەتلەنگەن، ياردار. ② جىسمانىي جەھەتتە ئاجىز، زەئىپ، مېيىپ.

**نالە ـ پەرياد** ــ نالە ۋە پەرياد، ئۇمۇمەن دەردلىك، ئېچىنىشلىق ئاۋازلار.

www.kitaphumar.com

**بىمار** ــ بىرەر كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان، كېسەل، ئاغرىق.
**ئاشــنا** ـــ ① دوســت، يــار ـ بــۇرادەر؛ تونــۇش ـ بىلــىش. ② ئادىشــى، ئوينىشى.
**گــۈلزار** ـــ گــۈل ئۆســتۈرۈلگەن، گــۈل ـ گىيــاھلار بىلەن قاپلانغان جاي، گۈللۈك، چىمەنزار.
**بوياقچى** ــ رەخت، يىپ قاتارلىقلارنى بويىغۇچى ئۇستا.
**روياپقا چىقىش** ــ ئەمەلگە ئاشماق، ئەمەلدە كۆرۈنمەك، ۋۇجۇدقا كەلمەك، ۋۇجۇدقا چىقماق، ھەل بولماق.
**خۇشتار** ــ ① بىرەر نەرسە ياكى خۇشى، ئىشتىياقى بار، ھەۋەس قىلىدىغان؛ زوقمەن، ئىشقىۋاز. ② بىرەر نەرسىگە ناھايىتى قىززىققان، بېرىلگەن ئادەم؛ ھېرىسمەن كىشى؛ ھەۋەسكار. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.
**رىشتە** ــ ① يىپ، شوينا، تاناب. ② كۆچمە مەنىسى : نەرسىلەر، كىشىلەر ۋە ھادىسە قاتارلىقلارنى ئۆزـ ئارا مەھكەم باغلايدىغان ۋاستە؛ باغلىنىش، مۇناسىۋەت.
**ئەيلەش** ـــ I تېرە، خېمىر قاتارلىقلارنى پىشۇرۇش، پىششىقلاش. II يازما ئەدەبىياتتا « قىلىش»، « ئېتىش» رولىدا كېلىدۇ.
**غەزەل** ـــ ① دەسلەپكى بېيىتنىڭ ھەر ئىككى مىسراسى قاپىيىداش بولغان، كېيىنكى بېيىتلىرىنىڭ ئاخىرقى مىسراسى دەسلەپكى ئىككى مىسراغا قاپىيىداش بولۇپ كېلىدىغان لىرىك شېئىر. ② ئاھاڭغا سېلىنىدىغان شۇ خىل شېئىر.

## پەرياد

**پەرياد** ـــ دۇچ كەلگەن قاتتىق خاپىلىق، دەرد ـ ئەلەم، روھىي ئازاب تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان نالە ـ زار؛ يىغا.
**بەربات** ـــ خاراب، ۋەيران، سورۇلغان، بۇزۇلغان، تۇگەشكەن.
**لوتپۇللا مۇتەللىپ** ـــ ( 1922 ـ 1945 ) ھازىرقى قازاقىستانغا قاراشلىق يەتتە سۇ رايونىدا تۇغۇلغان. 1931 ـ يىلى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئىلقا ناھىيىسىگە كۆچۈپ كەلگەن. ئۇرۇمچىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇغان. « شىنجاڭ گېزىتى» دە مۇھەررىر بولغان. كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنى ئۇرۇمچىدىن ئاقسۇغا يۆتكىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ « ئاقسۇ گېزىتى » دە

مۇھەررىر بولغان. 1945 ـ يىلى ئاقسۇدا گومىنداڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ داڭلىق ئىنقىلابچى شائىر.

**ئىندىۋىدۇئاللىق** ــ ① كىشىنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي شارائىت ۋە تەربىيە ئارقىسىدا شەكىللەنگەن بىر قەدەر تۇراقلىق خۇسۇسىيىتى. ② ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر ئالاھىدىلىكى.

**مەۋجۇدات** ــ ئالەم، تەبىئەتتە بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى، دۇنيادا مەۋجۇت نەرسىلەر، پۈتۈن، بارلىق.

**سۇبيېكتىپ** ــ ① بىرەر كىشىنىڭ، شەخسنىڭ ياكى سۇبيېكتنىڭ ئۆزىگىلا خاس، ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولغان؛ شەخسىي. ② ئەمەلىي ئەھۋالنى ئاساس قىلماي، پەقەت ئۆزىنىڭ ياكى بىرەر شەخسنىڭ بىر تەرەپلىمە، شەخسىي پىكرىگە ئاساسلانغان، ئاساسلىنىدىغان، بىر تەرەپلىمە.

## قىرائەتخانا

### 1. ئىلاخۇن كۆككۆز قۇشاقلىرى

**قوشاق** ــ I ① بىر ـ بىرىگە چېتىلغان، قوشۇلغان؛ ② بىر ئارغامچا بىلەن ئۆز ـ ئارا چېتىلىپ باغلانغان ئۇلاغلار. II كۆپىنچە يەتتە بوغۇملۇق، تۆت مىسرالىق بولىدىغان، رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك، سۆزلىرى ئاددىي ئەمما جانلىق، ئوبرازلىق، ناخشا قىلىپ ئوقۇشقا ئەپلىك بىر خىل شېئىرىي ئەسەر.

**كارۋان** ــ ئات ـ ئۇلاغ، ھارۋىلار بىلەن بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا يۈك توشۇغۇچىلار تۈپى.

**يوقسۇل** ــ كەمبەغەل، نامرات، يوقسۇز.

**غوجا** ــ ① مەلۇم ئىمتىيازغا، مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولغان كىشى. ② بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەر ياكى تۆت خەلىپىنىڭ ئەۋلادى دەپ قارالغانلار. ③ ۋاڭلىق تۈزۈمىدە ۋاڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئەركىلەتمە نامى. ④ ئىگىلىك قۇشۇمچىسى بىرىنچى شەخس بىرلىكى بىلەن تۇرلىنىپ كېلىپ ھۆرمەتنى بىلدۈرىدۇ.

**بەتنام** ــ يامان نام، يامان ئات، تۆھمەت؛

**پىتنە ـ پاسات** ــ يالغان ـ ياۋىداق سۆز.

www.kitaphumar.com

**زوراۋان** ـــ ① كۈچكە تايىنىپ، باشقىلارغا زورلۇق قىلىدىغان؛ زولۇم سالىدىغان. ② كۈچكە تايىنىپ، باشقىلارغا زورلۇق قىلغۇچى، زۇلۇم سالغۇچى كىشى؛ زالىم.

**تۆھمەت** ـــ باشقىلارنى قارىلاش، ئەيىبلەش مەقسىتىدە ئويلاپ چىقىرىلغان ئاساسسىز گەپ ـ سۆز؛ بەتنام، بۆھتان.

**پالاش** ـــ بىرەر جىنايەت ياكى گۇناھ بىلەن ئەيىبلەپ يۇرتىدىن باشقا بىر جاپالىق يۇرتقا ھەيدىمەك، سۈرگۈن قىلماق.

**كويزا** ـــ جىنايەتچىنىڭ ئىككى قولىنى چۈشەپ قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل جازا قۇرالى.

**كىشەن** ـــ ① ئاياغقا سېلىپ قۇلۇپلاپ قويۇلىدىغان ئىشكەل. ② كۆچمە مەنىسى: ئەركىنلىكنى بوغىدىغان چەكلىمە، ئاسارەت.

**قوۋۇق** ـــ ① شەھەر سېپىللىرى، ئوردا، چوڭ قورۇ قاتارلىقلارنىڭ دەرۋازىسى، ئىشىك. ② قەدىمكى دەۋرلەردە جىنايەتچىنىڭ بوينىغا سالىدىغان تاختاي، شال، تاقاق.

**چېرىك** ـــ ئەسكەر، لەشكەر.

**يالاش** ـــ ① Iبىرەر نەرسىنى تىل ۋاستىسى بىلەن ئېغىزغا ئېلىش، تىلىنى تەككۈزۈش. ② تېگىپ، ئۆرۈلۈپ تەسىر قىلىش، سىيپاش.(شامال ھەققىدە) ③ ئاققۇزۇش، يۇيۇش ( سۇ ھەققىدە) ④ كۆچمە مەنىسى: غاجاش، ئاغرىتىش ( ئاياغ كىيىم ھەققىدە ) II ئارىغا ئېلىپ كۆزىتىپ بىللە مېڭىش.

**ئىلھام** ـــ ① كۆتۈرەڭگۈ ئىجادىي روھ، ئىجادىي غەيرەت ۋە زوق جۇش ئۇرغان ھالەت. ② ئىجادىي پائالىيەت جەريانىدا ئاپتور ئىدىيىسىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى مەركەزلىشىشى، كەيپىياتىنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشى ۋە مۇناسىۋەتلىك شەيئى، ھادىسىلەرنىڭ قوزغىتىشى بىلەن پەيدا بولغان ئىجادىي قابىلىيەت. ③ مەدەت، رىغبەت؛ زوق. ④ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مەردانە** ـــ ① مەردلەرچە، مەردلىك بىلەن، مەردلەرگە ئوخشاش. ② مەردلەرگە، باتۇرلارغا خاس.

**داۋان** ـــ ① Iتاغ ۋە تۆپىلىكلەرنىڭ يول ئېلىنغان ئېشىپ ئۆتىدىغان جايى. ② كۆچمە مەنىسى: بىرەر ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا تۇسالغۇ بولىدىغان تۇسۇق، توسقۇنلۇق، قىيىنچىلىق، جاپا ـ مۇشاققەت. II توقۇش دوكىنىدىكى ئۆرۈش يىپلارنىڭ ئاياغ تەرىپىنى مەلۇم ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان قۇرۇلما. III جىگدە قاقىدىغان تاياق.

**ئوڭلاش** ــــ ① بوزۇلغان نەرسىلەرنى رېمونت قىلىپ تۈزەش، ساق، نورمال ھالەتكە كەلتۈرۈش. ② رەتسىز، قالايمىقان ھالەتنى ئۆزگەرتىش. ③ ئىش ـ ھەرىكەت ياكى گەپ ـ سۆزدىكى ناتوغرىنى توغرىلىماق، تۈزەتمەك، مۇۋاپىقلاشتۇرماق. ④ كۆچمە مەنىسى : ناچار، يامان ھالەتنى ياخشىلىماق، غەم ـ قايغۇدىن خالاس قىلماق. ⑤ تىنىچلاندۇرماق، ياخشىلىماق، يامان، پايدىسىز تەرەپكە مېڭىشتىن تۇسىماق، ياخشى تەرەپكە بۇرىماق.

**يامۇل** ــ خانلىق دەۋردىكى ناھىيە ، ۋىلايەت ئۆلكە دەرىجىلىك دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى .

**تىرىكتاپ** ــ ئۆزى ئىشلىمەي باشقىلارنىڭ مېھنىتىگە ئىگە بولۇۋالغۇچى.

**پېيىغا چۇشۇش** ــــ ئىزىغا چۈشۈش، تىكتىگلاش، ئارقىسىغا چۈشۈش. ئىز بىسىش .

**پايلاقچى** ــــ ① بىرەر نەرسە ياكى ئادەمنىڭ ئاماننلىقىنى، بىخەتەرلىكىنى ساقلاشقا، كۆزىتىپ تۇرۇشقا قويۇلغان كىشى؛ كۆزەتچى، ساقچى. ② بىرەر كىشىنىڭ ھەرىكىتىنى يوشۇرۇن كۆزىتىپ مەلۇم قىلىپ تۇرۇشقا قويۇلغان كىشى ؛ خائىن، جاسۇس.

**بەگ** ــــ ① بۇرۇنقى مەنسۇپ ئەمەل ۋە شۇنداق ئەمەل ئالغان كىشى ؛ ② مۇراجەت ۋە ھۆرمەت سۆزى. ③ كىشى ئىسىملىرىنىڭ كەينىگە كېلىپ ھۆرمەت نامىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىغان** ــ قاتتىق خاپا بولۇش ۋە ئىچ پۇشۇقتىن كېلىپ چىققان نالە ـ پەرياد، ھەسرەت، دەرد ـ ئەلەم، يىغا.

**تۈنەش** ــ ① بىرەر جايدا كېچىنى ئۆتكۈزمەك، قونۇپ قالماق. ② مەلۇم بىر پائالىيەت بىلەن كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزمەك.

**ئەلچى** ــــ ① بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە مەلۇم ھاجەت، تاپشۇرۇق بىلەن ئەۋەتكەن كىشى، ئىككى ئوتتۇرىدا ۋاستىلىك رول ئوينايدىغان ئادەم. ② دىپلوماتىك ۋەكىللەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىسى ۋە شۇ ئۇنىۋانغا ئىگە بولغان ئادەم؛ دىپلومات. ③ كۆچمە مەنىسى : دېرەك بەرگۈچى نەرسە، بەلگە.

**شېرىك** ــ ① بىرەر ئىش، كەسىپتە ھەمكارلىشىپ، ياردەملىشىپ بىرگە ئىشلەيدىغان، بىرەر نەرسىنىڭ پايدا مەنپەئەتىدىن تەڭ بەھرىمان بولىدىغان كىشىلەر (بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن ) ② بىرەر ئىشتا ھەمكارلاشقان، ياردەملەشكەن. ③ باشقىلارنىڭ خۇشاللىقى ياكى غەم ـ قايغۇسىغا ئورتاقلاشقۇچى ئادەم ياكى باشقا نەرسە. ④ ئۇلپەت، دوست.

**جەبىر** ــ جىسمانى ياكى روھىي ئازاب، زۇلۇم، خورلۇق.
**زەپ** ــ ناھايىتى، ئاجايىپ، بەك، ئىنتايىن.
**بولۇق** ــ ① قويۇق، زىچ. ② ھوسۇللۇق، ئوخشىغان.

## 2. ياپونىيە مايقوشغۇزى

**فابىر** ــ (1823 ـ 1915) فىرانسىيىلىك ھاشارەتشۇناس، يازغۇچى. دارۋىن ئۇنى « تەقلىد قىلغىلى بولمايدىغان كۆزەتكۈچى » دەپ ماختىغان. ئۇ بىر ئۆمۈر ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان ئون توملۇق « ھاشارەتلەر دۇنياسى » نى كىشىلەر « پەن بىلەن شېئىرنىڭ مۇكەممەل ماسلاشتۇرۇلۇشى » دەپ تەرىپلىگەن.
**مايقوشغۇزى** ــ تېنى قارا يېشىل ياكى باشقا رەڭلەردە كېلىدىغان بىر خىل ھاشارات. زىرائەتلەرنىڭ يىلتىزى ۋە غوللىرىنى يەپ دېھقانچىلىققا زىيان سالىدۇ.
**چوچا** ــ ھاشارەتلەر سەزگۈ بۇرۇتى.
**ئاۋاز دولقۇنى** ــ ئاۋازنىڭ دولقۇنسىمان ھالەتتە تارقىلىشى.
**ئانتېننا** ــ رادىئو، تېلېۋىزىيە دولقۇنلىرىنى تارقىتىش ياكى ئۆزىگە تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان سىملىق قۇرۇلما .
**تەمبەل** ــ ئۇستىخانلىق، بەستلىك.
**زەر** ــ ① ئالتۇن . ② ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىلگەن، ئالتۇن سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان، ئالتۇن رەڭگىدىكى.
**سەزگۈر ئەزا** ــ جانلىقلارنىڭ سىرتقى تەسىرلەرنى قوبۇل قىلىدىغان ۋە ئىنكاس قايتۇرىدىغان ئەزالىرىنى كۆرسىتىدۇ .
**مەھكۇملۇق** ــ بىرەرجازاغا، ئۆلۈمگە ياكى شۇمەقتىكى جازاغا تارتىلىشقا لايىق؛ ئەركىنلىكتىن مەھرۇملۇق .
**تاشلاي** ــ ئېغىز بوشلۇقى بىلەن بۇرۇن بوشلۇقىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تۇقۇلما .
**جورا** ــ ① تەڭتۇش، سەپداش، دوست، ② قانۇنلۇق نىكاھتىكى ئەر ياكى ئايال .
**تومۇز** ــ ① ئەڭ ئىسسىق بولغان 6 ـ ۋە 8 ـ ئاي ئارىلىقىدىكى مەزگىل .

② 24 مەۋسۇمنىڭ بىرى بولۇپ 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ ، 23 ـ ياكى 24 ـ كۈنلىرى .

**تۇمۇزغا** ــ بىر خىل ھاشارەت . تۈرى كۆپ ، ئەركىكىنىڭ قورساق قىسمىدا ئاۋاز چىقىرىش ئورگىنى بولۇپ ، شۇ ئارقىلىق داۋاملىق ئىنچىكە ، يۇقىرى ئاۋاز چىقىرىپ، چىرىلداپ تۇرىدۇ ؛ چىشىسى ئاۋاز چىقارمايدۇ . لېكىن قورساق قىسمىدا ئاڭلاش ئورگىنى بولىدۇ ؛ تۇپىنىڭ ئاستىدا ياشايدۇ . ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزىدىن ئۇزۇقلىنىدۇ .

**پىيىغا چۈشۈش** ــ ئىزىغا چۈشۈش، تىكتىڭلاش، ئارقىسىغا چۈشۈش. ئىز بىسىش .

**رۇخسارى** ــ ① چىراي يۈز . ② رۇخسار مۇقامى 1939 ـ يىلى زىكرى ئەلپەتتا تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان ئۇيغۇر يېڭى مۇقامى . (3) ئاياللارنىڭ ئىسمى .

**ھەسرەت** ــ نادامەت، روھى ئازاپ، غەم ـ ئەلەم، قايغۇ.

**تالانت** ــ زور قابىلىيەت ، ئىختىدار ، ئىستىدات .

**كاۋچۇك** ــ كاۋچۇك دەرىخى ، كۆكسېغىز قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئېلىنغان سۇتنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق ياسالغان ئىلاستىكىلىق ۋە ئىزولياتورلۇق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ، سۇ ھەم ھاۋا ئۆتكۈزمەيدىغان ماتىريال .

**بەند بولۇش** ــ ① بىرەر ئىش ـ پائالىيەت بىلەن مەشغۇل بولۇش ، بوش ئەمەس . ② باغلانغان ، مويتىلا بولغان . ③ باغلاق ، تۇزاق ، قاپقان ، ④ ئەسىرلىك ، تۇتقۇنلۇق ھالىتى . ⑤ بىكىتىلگەن مىخلانغان جاي . ⑥ بىر نەرسىگە بىرىلگەن مەپتۇنلۇق .

**ساپان** ــ يەر ئاغدۇرۇش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل دىھقانچىلىق سايمىنى . ئۇنىڭ خىللىرى كۆپ بولىدۇ ، بەزىلىرى ئۇلاغلارغا ، بەزىلىرى تراكتور قاتارلىقلارغا سۆرتىلىپ يەر ئاغدۇرىلىدۇ .

**لىچىنكا** ــ ھاشاراتلاردىكى تۇرەلمە تۇخۇم ئىچىدە يىتىلىپ بولغاندىن كىيىن تۇخۇمنى يىرىپ چىققان كىچىك ئورگانىزىم .

**بىئولوگ** ــ بىئولوگىيە ئالىمى. بىئولوگىيە مۇتەخەسسىسى .

**دارۋىن** ــ ئەنگىلىيىلىك داڭلىق بىئولوگىيە ئالىمى . «تۇرلەرنىڭ كىلىپ چىقىشى»ناملىق مەشھۇر ئەسىرى بار . « تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى» نى ئوتتۇرىغا قويغان .

**لوپا ئەينەك** ــ ئوتتۇرىسى قېلىن، چۆرىسى نىپىز بولۇپ جىسىملارنى چوڭايتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**بىگىز بارماق** ــ باش بارماقنىڭ يېنىدىكى بارماق.
**غوزەك** ــ① پىلە قۇرتىنىڭ غوزىسى. ② بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈلى ياكى دىنىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ۋە ئانلىق ياپراقچىلىرىدىن تۈزۈلگەن تۈگۈنچىكى.
**تۆمۈر تۇمشۇق** ــ بىر خىل قۇش، پۇتى قىسقا، بارماق ئۇچلىرىدا ئۆتكۈر تىرناقلىرى بولىدۇ. دەرەخكە يامىششقا ماھىر كېلىدۇ. تۇمشۇقى تۈز ۋە ئۇچلۇق، تىلى ئىنچىكە، ئۇزۇن ۋە ئىلمەك بولۇپ دەرەخ قوۋزاقلىرىنى چوقۇلاپ قۇرتلارنى ئېلىپ يەيدۇ، قۇيرىقى قاتتىق بولۇپ دەرەختە چوقۇلىغاندا تېنىنى تىرەش رولىنى ئوينايدۇ.

## 3. شۆھرەتلىك يازغۇچى ئايتماتوف

**پەخرىي** ــ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ھۆرمەت يۈزىسىدىن سايلانغان ياكى مەرتىۋىسى ساقلاق قىلىنغان.
**جەمئىيەتشۇناس** ــ جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىس.
**ئوردېن** ــ دۆلەتكە تۆھپە قوشقان كىشىلەرگە بېرىلىدىغان بىر خىل شەرەپ مېدالى؛ نىشان.
**ئاكادېمىيە** ــ دائىرىسى نىسبەتەن چوڭ بولغان، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورگان.
**ئاكادېمىك** ــ پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رەسمىي ئەزاسى ياكى شۇ ئەزانىڭ ئۇنۋانى.
**رەئىس** ــ ① بەزى دۆلەت، دۆلەت ئورگانلىرى، پارتىيە ـ گۇرۇھ ياكى بەزى ئىدارە، تەشكىلاتلار رەھبىرىنىڭ نامى ۋە شۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كىشى. ② مەجلىسنى باشقۇرغۇچى شەخس، يىغىن رىياسەتچىسى. ③ دىنىي مۇراسىم ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ بىجىرىلىشىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى كىشى ۋە شۇنىڭدەك جىلى تېشى، تارازا قاتارلىقلارنىڭ توغرىلىقىنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان مەنسەپدار كىشى.
**قىيا** ــ ① تاغ، ئېدىرلاردىكى تىك يار. ② قىرلىق، تىك ۋە چوڭك. ③ بىر ئاز بۇرۇلۇپ، يېنىچە؛ كۆز قىرى بىلەن ؛ يانتۇ، قىيسىق. ④ يېرىم ـ يارتا، بىر ئاز.
**تىراژ** ــ كىتاب، ژورنال، گېزىت قاتارلىقلارنىڭ بېسىلىپ چىققان نۇسخىسىنىڭ سانى.

**پاساھەتلىك** ــ چىرايلىق، يېقىملىق، راۋان سۆزلەنگەن، پاساھەت بىلەن ئېيتىلغان.
**ئوغلانى** ـــ ① ئەر، ئوغۇل؛ ئوغۇل پەرزەنت. ② باتۇر، قورقماس، مەرد يىگىت.

## 4. زاغۇنلۇق قەدىمقى قەبرىستانلىقى

**ئابدۇقەييۇم خوجا** ــ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئارخېئولوگىيە ۋە تارىخ تەتقىقاتىغا گەۋدىلىك ھەسسە قوشقان ئارخېئولوگ. ئۇ 1941 ـ يىلى غولجا شەھىرىدە توغۇلغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ تەتقىقاتچىسى « غەربىي يۇرت ۋە قەدىمقى مەدەنىيەت » ، « قۇم ئاستىدا قالغان مەدەنىيەت » قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئۇ يەنە « سەددى ئىسكەندەر » ، « دىۋانى ئابىد ۋە غەرب شېئىرلىرى » نى قايتىدىن نەشرگە تەييارلىدى.
**زاغۇنلۇق** ــ ① زاغۇن تېرىلغان ياكى ئۆسكەن يەر. ② جاي ئىسمى.
**چەرچەن** ـــ باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى بىر ناھىينىڭ نامى.
**ئارخېئولوگىيە** ـــ قېزىۋېلىنغان ياكى قەدىمدىن ساقلىنىپ قالغان يادىكارلىقلار ۋە ئىزلارغا ئاساسەن دەۋرلەر تارىخىنى يەنە خەلقلەرنىڭ تارىخى ئۆتمۈشىنى، تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.
**قىيا تاش** ـــ قىرلىق، تىك ۋە چوڭ تاش.
**دوكىلات** ـــ ① بىرەر تىمىدا كۆپچىلىك ئالدىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق، سۆز ۋە شۇ نۇتۇقنىڭ يازما تېكىستى. ② رەھبىرىي ئورگانلارغا ياكى باشلىققا ئاغزاكى ۋە ياكى يازما ھالەتتە بېرىلگەن مەلۇمات، ئاخبارات.
**ۋادى** ـــ ① بىرەر سۇ سىستېمىسىنىڭ غول ۋە تارماق ئېقىملىرى ئېقىپ ئۆتىدىغان پۈتۈن دائىرە . ② دەريا بويلاپ سوزۇلغان ياكى تاغلار ئارىسىدىكى كەڭ تۈزلەڭلىك ، ئومۇمەن زىرائەت تېرىلىدىغان دەل ـ دەرەخ ئۆسىدىغان كەڭ جاي .
**مۇزېي** ـــ تارىخى ۋە ئىلمى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان نەرسىلەرنى ، سەنئەت ، تېخنىكا ، تەبىئەت نەمۇنىلىرىنى يىغىش ، ساقلاش ، تەتقىق قىلىش ۋە كۆرگەزمە قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇئەسسەسە .
**بىجىرىم** ـــ ① بۇزۇلمىغان ، تازا ، ساق ، ② باشقا ، نەرسە ئارىلاشمىغان ، ئەينى ، تەبىئىي ، ساپ ، ③ نوقسانسىز ، ساغلام ، پاك ، ④ راۋرۇس ، مەزمۇت .

**بۆك** ـــ دوپپا ، ئاددىي رەختلەردىن تىكىلگەن باش كىيىم ، دوپپا ياكى تەلپەكنىڭ ئىچىگىمۇ كىيىلىدۇ .

**قائىدە ـ يوسۇن** ـــ قائىدە ، تەرتىپ ۋە ئەنئەنىۋى ئادەت ، رەسىم قائىدە .

**مەدەنىيەت** ـــ ① ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەت تارىخى تەرەققىياتى جەريانىدا ياراتقان ماددى ۋە مەنىۋى بايلىقلىرى ، ئۆتۈقلىرى . ئادەتتە ئۇ كۆپرەك مەنىۋى بايلىقلارنى يەنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ، مائارىپ، ئىلىم ـ پەن قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ . ② بىرەر ئىجتىمائى گۇرۇپپا ، سىنىپ ياكى خەلقنىڭ مەلۇم دەۋىردە قولغا كەلتۈرۈلگەن شۇنداق ئۆتۈقلىرىنىڭ دەرىجىسى . ③ ئوخشاش بىر تارىخى دەۋىردە، تارقىلىش نوقتىسىنىڭ يۆتكىلىشىگە قارىماستىن ساقلىنىپ قالغان خارابە ئىزلىرى ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ يىغىندىسى . ④ يېزىق ئىشلىتىش قابىلىيتى ، ئومۇمىي ساۋات ؛ تەلىم تەربىيە كۆرگەنلىك ، زىيالىيلىق ، مەرىپەت .

**داكا** ـــ پاختا يىپتا شالاڭ توقۇلغان رەخت .

**ئېكولوگىيە** ـــ ① جانلىقلار ئارىسىدىكى ۋە جانلىقلار بىلەن جانسىز مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئېكولوگىيە جانلىقلار بايلىقىنى ئېچىپ ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى ئاساسلىق پەنلەرنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، قوشۇمچە كەسىپ ، بېلىقچىلىق ، مېدىتسىنا قاتارلىقلار بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك . ② جانلىقلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتتىكى مورفولوگىيىلىك تۈزۈلىشى ، فىزئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ياشاش خۇسۇسىيتى .

**تۆپىلىك** ـــ ① يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئېگىز جاي ؛ ئېگىزلىك . ② دوپپىنىڭ ئۈستى قىسمى .

**پاراللېل** ـــ ① بىر تەكشىلىكتە ياتقان ۋە ئۆز ئارا كېسىشمەيدىغان ؛ ياندىش . ② ئەينى ۋاقىتتا تەڭ بىللە تۇرغان ؛ تەڭ دەرىجىدىكى . ③ دۇنيا خەرىتىسىدىكى ئېكۋاتور سىزىقىغا ياندىش قىلىپ سىزىلغان سىزىقلار .

**ئېقىن** ـــ ① ئېقىۋاتقان سۇ ، سۇيۇقلۇق ، ئېقىم . ② توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغان ، ئاقىدىغان ، ئاقار .

**ياپىلاق** ـــ يېسسى ۋە يېسسىسىغا يېقىن كېلىدىغان، يېسسى شەكىلىدىكى، يېسسى ھالەتتىكى ، توم ياكى يومىلاق ئەمەس .

**ئېمىزگۇ** ـــ ① بالىلارغا سۈت ، بۇلماق قاتارلىق سۇيۇق يېمەكلىكلەرنى ئىچكۈزىدىغان بوتولكا شەكىللىك قاچا . ② بوۋاقلارنى يىغلاتماسلىق ئۈچۈن

ئۇلارنىڭ ئاغىزىغا سېلىپ قويۇلىدىغان، رىزىنكىدىن ھاۋا ئۆتمەيدىغان قىلىپ ياسالغان بۇيۇم .

**ئوغۇز** ــــ ① يېڭى تۇغقان ئايالالار ۋە ھايۋانلارنىڭ دەسلەپكى ، يەنى تۇغۇپ بىر قانچە كۈن جەريانىدىكى سۈتى . ② تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمقى قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى .

**تۇڭلۇك** ــــ كۈن نۇرى چۈشۈش ۋە ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ، ئۆينىڭ تۇرۇسىدىن ئېچىلغان تۆشۈك .

**ئەيلەنگەن تىرە** ــــ يۇزى قىرىپ ئاقارتىلغان ، يۇمشىتىلغان ، سىلىقلانغان ، پىشقلاپ ئشلەنگەن ، پىشۇرۇلغان تىرە .

**توپاق** ــــ پىچىۋېتىلگەن ئەركەك كالا .

**تۇياق** ــــ ① بەزى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ ئاياغلىرىنىڭ ئۇچىدىكى مۈڭگۈزسىمان قاتتىق قىسمى . ② ساناق سانلار بىلەن كېلىپ «دانە ، باش » دېگەن مەنىدە مىقدار بولۇپ كېلىدۇ .

**قوتاز** ــــ كالىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل نەسلى . پۇتۇن تېنىدە ئۇزۇن كەلگەن توق قوڭۇر ، قوڭۇر ياكى ئاق رەڭلىك تۈكلىرى بولىدۇ . پۇتى قىسقا بويى ئېگىلەڭگۈ كېلىدۇ . شىنجاڭ ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تاغلىق رايونلىرى ، ۋە چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىدە ياشايدۇ .

**چىرىش** ــــ ① مىكرو ئورگانىزىملارنىڭ تەسىرىدە بۇزۇلۇش ، كېرەكسىز ھالغا كېلىش ، ئىشتىن چىقىش . ② كۆچمە . ئاينىش ، بۇزۇلۇش ، ھالاكەتكە يۈز تۇتۇش .

**بىغىش** ــــ ① بىلەكنىڭ ئالقان بىلەن تۇتىشىدىغان ئۇگىسى . ② ئۇستىخان ۋە غولىنىڭ ھەر بىر تىگىشىپ تۇرىدىغان ئۇگىسى . ③ زىرائەتنىڭ غولىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان يىرى . ④ تۇگمەننىڭ نۆۋىتىنى كۇتۇپ ئاپىرىپ قويىدىغان ئازراق ئاشلىق ، ئۇگۇت .

**قوڭۇر** ــــ ئاز مىقداردا يېشىل بىلەن قىزىلنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ھاسىل بولغان ، كورۇنىشى دەرەخنىڭ پورىغا ئوخشاش ؛

**دەستىگاھ** ــــ قول ھونەرۋەنلەرنىڭ توقۇش دوكىنى .

**ئىلمەك** ــــ ① ئومۇمەن بىرەر نەرسىنى ئىلىشقا ، ئىلىپ ئېلىشقا، ئىلىپ قويۇشقا لايىقلاشقان ؛ لايىقلاشتۇرۇپ ياسالغان ئېگىك ھالەتتىكى نەرسە . ② ئۇچى ئېگىلگەن ، ئېگىك ھالەتتىكى ، ئېگىك . ③ شۇ خىل شەكىلدىكى ئەگمەچ .

www.kitaphumar.com

**مىكروپ** ـــ مىكروسكوپ ئارقىلىقلا كۆرۈشكە بولىدىغان ناھايىتى كىچىك جانلىقلار ياكى ئۆسۈملۈك ئورگانىزمى .
**تەستىق** ـــ ① قارار قىلىپ قول قويۇش ياكى تامغۇ بېسىپ قانۇنى كۈچكە ئىگە قىلىش. ② بىرەر نەرسىنىڭ توغرىلىقى، ھەقلىقى، راستىلىقىنى دەلىللەپ بېرىدىغان پاكىت، ئىسپات، ماقۇللۇق.
**يادىكارلىق** ـــ ① يادىكار قىلىنىدىغان نەرسە. ② تارىختىن قېلىپ قالغان ۋە خاتىرە سۈپىتىدە ساقلىنىدىغان نەرسىلەر. ③ قەدىمقى زاماندىن ساقلىنىپ قالغان بارلىق يادنامىلەرنىڭ ئورتاق نامى.
**نامايەن قىلىش** ـــ ئېنىق، ئۆچۈق گەۋدىلەندۈرۈش، روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇش.
**تېپىلما** ـــ تېپىلغان، تېپىپ چىقىلغان نەرسە.
**رومانتىكا** ـــ كۆتۈرەڭگۈ روھ، يۈكسەك غايە ۋە ھېس ـ تۇيغۇلار بىلەن سۇغۇرۇلغان قاراش.
**ھەمدەپنە بۇيۇم** ـــ ئۆلگۈچى بىلەن بىرلىكتە دەپنە قىلىنىدىغان بۇيۇملار.
**ئىنسانشۇناسلىق** ـــ ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئىۋۇلىيۇتسىيىسى ۋە ئىرقلارنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.
**ئىرقشۇناسلىق** ـــ ئادەملەرنىڭ بەدەن ۋە رەڭگى، يۈز ـ كۆز، باش تۈزۈلىشى ۋە شۇنىڭدەك نەسلى بەلگىلىرىنىڭ بىر خىللىقى ياكى ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئاساس قىلىپ تۈرۈپ ئىنسانلار ئىرقىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم.
**ئىتنوگرافىيە** ـــ ① بىرەر مىللەتنىڭ كېلىپ چىقىشى، تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادىتى، ماددىي، مەنىۋىي ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىنى بىۋاستە كۆزىتىش يولى بىلەن ئۆگىنىدىغان ساھە. ② بىرەر مىللەتنىڭ ياكى بىرەر تېررىتورىيىدىكى بىر قانچە مىللەتنىڭ تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرنىڭ يىغىندىسى.
**يۇسۇن** ـــ ئەزەلدىن تارتىپ كېلىۋاتقان، كىشىلەرگە سىڭىپ كەتكەن ئەنئەنىۋي ئادەت، رەسىم ـ قائىدە.
**لەھەت** ـــ قەبرىنىڭ ئىچكى قىسمى، جەسەت قويۇلىدىغان جاي، ئىچ گۆر.
**تەڭنە** ـــ خېمىر يۇغۇرۇش ئۈچۈن ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان داس.
**توغراق** ـــ ① تال ۋە تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ، قۇرلۇش ياغىچى، ئۆي جاھازلىرىنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ. تارىم ۋادىسىغا كەڭ تارقالغان. ② غولجا شەھىرىگە قاراشلىق بىر يېزىنىڭ نامى.

**زاكىلانغان** ــ زاكىغا يوّگەلگەن، زاكا بىلەن ئوراپ تاڭغان.

**تىۋىت** ـــ ① ھايۋانلار تىنىنىڭ سىرتىغا ۋە بەزى ئەزالىرىنىڭ ئىچكى دىۋارىغا ئۆنگەن قىسقا ھەم يۇمشاق موي، تۈك. ② توقۇلما بۇيۇملار يۈزىدە بىر قەۋەت بولىدىغان قىسقا، ئىنچىكە ۋە يۇمشاق كىلىدىغان تۈكسىمان تالا.

**يىپلىن** ـــ ئايال كىشى ياكى سۈت ئەمگۈچى چىشى ھايۋانلار تىنىدە بولىدىغان سۈت ئاجرىتىش ئورگىنى، سۈت بېزى، ئەمچەك.

**قەدەھ** ــ مەي قۇيۇپ ئىچىدىغان قاچا، جام، رومكا.

**تون** ــ ئالدى ئوچۇق، تۈز ياقىلىق، ئۇزۇن سىرتقى كىيىم.

**توقۇم** ــ ① ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ ئىگەر ياكى چومىنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان بىر قانچە قات كىگىزدىن تىكىلگەن جابدۇق. ② قات ـ قات، قىلىن. ③ باشقىلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن گۇناھ، ئەيىب.

**بورا** ــ ئاقلاپ يېرىلىغان قومۇش ياكى چىغدىن توقۇلغان تۇقۇلما بۇيۇم.

**قۇلان** ـــ ئاتتىن كىچىكرەك، ئېشەكتىن چوڭراق، ئېشەككە ئوخشاپ كېتىدىغان ياۋايى ھايۋان، ياۋايى خېچىر.

**بادىرا** ـــ دىئامېتىرى تەخمىنەن ئالتە سانتىمېردىن 12 سانتىمېرغىچە بولغان ئۆي ـ ئىمارەتكە ئىشلىتىلىدىغان ئۇزۇن ۋە تۈز ياغاچ.

**مېيىت** ــ ئۆلۈك، جەسەت.

**قوشتۇرۇلۇپ** ــ بىرلەشتۇرۇلۇپ.

**شوينا** ــ ① يوڭ ياكى پاختىدىن تۈمۈنە چوڭلۇقىدا ئىشلىگەن يىپ. ② شۇتيا يىپتىن قىلىنغان بوغقۇچ.

**مىنېرال** ــ ① يەر پوستىدا ساقلانغان تەبىئىي بىرىكمىلەر ۋە ئاز ساندىكى تەبىئىي ئېلېمېنتلار. ② تەبىئىي خىمىيلىك بىرىكمە ياكى ئېلېمېنتلارغا ئائىت، شۇنداق ئېلېمېنت ياكى بىرىكمىلەردىن ئىبارەت بولغان، تەركىبىدە شۇنداق ئېلېمېنت ياكى بىرىكمىلەر بار.

**چىلتەك** ـــ ① رەڭلىك رەخت ياكى ھەر خىل رەڭدىكى يىپلاردىن قىلىنغان زىننەت بۇيۇمى، تورسىمان لىنتا. ② كىيىملەرگە زىننەت بىرىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مۇناسىپ ئورۇنلىرىغا تۇتىلىدىغان مەخسۇس توقۇلغان ياكى گۈل چىكىلگەن لىنتىسىمان بۇيۇم.

**ئاخىرەتلىك** ــ ① كىشى ئۆلگەندىن كېيىن شۇ كىشىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىشلىتىلىدىغان پۇل ـ پېچەك ۋە نەرسە ـ كېرەك. ② ئۆمۈرلۈك، مەڭگۈلۈك، بۇزۇلماس.

**پالاس** ــــ ① يەرگە، كارۋاتقا سېلىنىدىغان يوڭ ياكى پاختا يېپىلاردىن توقۇلىدىغان گىلەم ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم. ②ئادەملەرنىڭ مېڭىش ھەرىكىتىنىڭ كېلەڭسىز ھالىتى.

**كېگىز** ــــ يەر، كارۋات قاتارلىقلارغا سېلىنىدىغان قوي يۇڭىدىن قېلىن قىلىپ، بېسىپ ئىشلەنگەن ئائىلە بۇيۇمى.

**يا** ــ قاتتىق ياغاچنىڭ ئىككى ئۇچىدىن يىپ تارتىپ، ئېگىپ يېرىم چەمبەر شەكلىدە ياسالغان كىچىك نەيزىسىمان ئوق سېلىپ ئاتىدىغان قەدىمقى ئۇرۇش قورالى، كامان.

**ئۇرچۇق** ــــ ① يىڭ ② ئىگىرىش فابرىكىسىنىڭ مۇھىم دېتالى. ئۇ يىلتىزدىن سوزۇلغان تالانى ئىگىرىپ پىششىقلاپ ناچىغا بەلگىلىك شەكىلدە يۆگەيدۇ. ئادەتتە ئۇرچۇقلارنىڭ سانى ئىگىرىش فابرىكىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

**سوغا** ــ ياغاچ چىلەك .

**يەكۈن** ــــ بىرەر مەسىلە ، ئىش ياكى نەرسە ھەققىدە يۈرگۈزۈلگەن پىكىر ، مۇلاھىزىنىڭ مەنتىقىي، نەتىجىسى ؛ خۇلاسە ، نەتىجە .

**نەمۇنە** ــــ ① كىشىلەر تەقلىد قىلىدىغان ، دورايدىغان ، ئۆگىنىشكە ، ئۈلگە ئېلىشقا ، ئەرزىيدىغان ئادەم ، ئىش ، نەرسە ياكى ئۇسۇل ؛ ئۈلگە ، تىپ . ② بىر تۈردىكى نەرسىلەرنىڭ تەقلىقات ئۈچۈن تاللىۋېلىنغان نۇسخىسى ، ئەۋرىشكىسى . ③ مىراس ياكى خاتىرە ئۈچۈن قالدۇرۇلغان يالداما ، يادىكارلىق .

**كەرگە** ــــــ ① نەرسىلەرنىڭ ئارىسىنى ئېچىش، كېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە. ② كەشتىچىلىكتە كەشتە چۈشۈرىلىدىغان رەختىنى كېرىپ، يېيىپ، ئېچىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چەمبەر شەكىلىك ئەسۋاب، چەمبىرەك.

**ساپال قاچا** ــ سېغىز لايدىن ياساپ، مەخسۇس خۇمدانلاردا پىشۇرۇلغان قاچا.

**تېرىق** ــــ ① باشاقلىقلار ئائىسىلىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. باشىقى سۇس سېرىق بولۇپ ئاقلىغاندىن كېيىن سېرىق دېنى چىقىدۇ. ئۇ مۇھىم ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ئۇنىڭدىن تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى ئىشلەشكە ۋە ھاراق ئېچىتىشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى.

**قوشام** ــ دەرەخ ياكى يولغۇن شاخلىرىدىن قېلىنغان قاشا.

www.kitaphumar.com

## 5. بۇغدا ئانام

**لېچەك** ــ كۆپىنچە ياشانغان ئاياللار بېشىغا سالىدىغان ئاق داكا رومال.
**قۇددۇس** ــ ① ئۇلۇغ، پاك، دىيانەتلىك. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى، ئاللانىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى.
**غەمگۇزار** ــ باشقىلارنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلغۇچى، كۆيۈمچان، مېھرىبان، غەمخور.
**جايناماز** ــ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن سېلىنىدىغان گىلەم، پالاس، كىگىز، رەخت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش توقۇلمىلار.
**بەرقارار** ــ ① قارار تاپقان، قەتئىي، ئۆزۈل ـ كېسىل. ② مۇستەھكەم، تۇرغۇن، مۇقىم.
**گۇلئۇزار** ــ گۈل يۈز، گۈل چىراي.
**ئىپتىخار** ــ ① شان ـ شەرەپ كەلتۈرىدىغان، پەخىرلەنسە بولىدىغان ئىش. بىر كىم ياكى بىر نەرسە. ② شان ـ شەرەپ ھېسسى، پەخىر؛ پەخىرلىنىش.
**دۇر** ــ ئۈنچە ـ مەرۋايىت.
**چېھرى** ــ يۈز، چىراي، كۆرۈنۈش.
**سابا** ــ I تاڭ سەھەردىكى سالقىن شامال. II تېرە خالتا، تۇلۇم، تۇرسۇق.
**ئىقبال** ــ كېلەچەك، بەخت، تەلەي، ئامەت، تەقدىر.
**جىلۋە** ــ ① گۈزەل، نازاكەتلىك ھەرىكەت. ② رەڭمۇ ـ رەڭ تاۋلىنىش، كۆركەم كۆرۈنۈش.
**قامىتىش** ــ ① يۇرۇقلۇق، نۇر قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى بىلەن كۆرۈش ئىقتىدارى تەسىرگە ئۇچراپ، خىرەلەشمەك، ئېنىق كۆرەلمەيدىغان، پەرق ئېتەلمەيدىغان بولۇپ قالماق. ② غورا ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرنى كۆپ يېگەندە چىش نىرۋىلىرى كۈچلۈك تەسىرگە ئۇچراش تۈپەيلى چايناشتا چىشى بىر قىسما بولماق.
**قارلەيلىسى** ــ مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق دورا ئۆسۈملۈك. تەمى سەل قىرىق، تەبىئىتى ئىسسىق، زەھەرلىك، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇپ قاننى جانلاندۇرىدۇ. پەي ۋە سۆڭەكنى كۈچەيتىدۇ.
**شامۇ ـ سەھەر** ــ ① شام ۋە سەھەر، ئاخشام ۋە ئەتىگەن. ② ھەر دائىم، داۋاملىق، ھەمىشە.
**تاج** ــ ① پادىشاھلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئىپادە قىلىپ تۇرىدىغان قىممەت

باھالىق زىننەت بۇيۇملىرىدىن ياسالغان باش كىيىم. ② بەزى قۇشلارنىڭ بېشىدىكى قىزىل گۆشسىمان ئۆسمە.

**شۆھرەت** ــــ ① ياخشىلىق بىلەن خەلقنىڭ ئىچىدە ئىرىشىلگەن نام ـ ئابروي، ئىناۋەت، ئاتاق، داڭىق. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**قىسسە** ــــ ① رىۋايەت ئۇسلۇبىدا يارىتىلغان بەدىئىي ئەسەر. ② ۋەقە ـ ھادىسە، ئەپسانىلەر بايان قىلىنغان ئېپىك ئەسەر، رىۋايەت.

**رىۋايەت** ــ مەلۇم كىشى، ئىش، نەرسە ياكى مەلۇم ۋەقە توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا قەدىمىدىن تارتىپ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ كەڭ تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئاغزاكى ھېكايە ؛ ئەپسانە .

**مېھنەت** ــــ ئومۇمەن بەلگىلىك ئەقىل ياكى جىسمانىي كۈچ سەرپ قىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىش ـ ھەرىكەت، پائالىيەت ؛ ئەمگەك.

**ساماۋى** ــ ① ئاسمانغا، ئىلاھقا، ئەرۋاھقا مۇناسىۋەتلىك، فانتازىيىلىك. ② كۆك، ھاۋا رەڭ.

**دۇردانە** ــــ ① ئېسىل، چوڭ ئۈنچە مەرۋايىت. ② ئېسىل، بىباھا، قىممەتلىك نەرسىلەر.

**نەزم** ــ شېئىر، شېئىرىيەت، پوئېزىيە.

**پەيمان** ــ بىرەر مەقسەت، نشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان سۆز، قەسەم، ئەھدە، ۋەدە.

**ئابىدە** ــ مەڭگۈ تاش، يەنى قەدىمقى شەھەر، مەھەللە مۇنارلار ۋە قەبرە، قەبرىگاھلار يولىغا ياكى ئۇنىڭ ئالدىغا تىكلەپ قويۇلغان، ئۇستىگە ئەستىلىك خەت ـ ئىبارىلەر ياكى سۈرەتلەر چېكىلگەن چوڭ خاتىرە تاشلار.

**ئاندا** ــ ① ئۇيەر ـ بۇ يەردە، شۇ يەردە. ② ئۇ يەرگە، بۇ يەرگە، شۇ يەرگە.

**شادىيانە** ــــ ① تەنتەنىلىك ھالدا؛ خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن. ② تەنتەنىلىك، شاد ـ خۇراملىق نامايەن بولۇپ تۇرغان. ③ غەلىبە، مۇۋەپپەقىيەت قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈش يۈزىسىدىن چېلىنىدىغان تەنتەنە مۇزىكىسى، شادلىق كۈيى : ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

**زولمەتلىك** ــــ ① ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان، قاراڭغۇ. ② كۆچمە مەنىسى : زۇلمەتكە تولغان، جاھالەت قاپلىغان، قالاق.

**بىغۇبار** ــ ① چاڭ ـ تۇزانسىز، چاڭ ـ تۇزاڭ بولمىغان، قونمىغان. ② ساپ، پاك.

www.kitaphumar.com

**كەبى** — ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرگە بىرىكىپ كېلىپ «دەك، تەك» ، «غا ئوخشاش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.